4



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09833-0

9 787228 098330 >

定价：16.50元

4

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

**ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى — 4**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان


*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 10.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001–6,000
ISBN 978-7-228-09833-0
باھاسى: 16.50 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى



# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى
(2 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| 2. كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
(10 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| 2. يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| 3. قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| 4. ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| 5.كۈھىقاپ پادىشاھنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |
| 6. مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| 7. ھۆۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| 8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| 9. مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| 10. بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى
(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئەمىرگۇر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| 2. نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| 3. يۈسۈپ ـ زىلەيخا | 18.00 يۈەن |

4. تاھىر ـ زۆھرە 18.00 يۈەن
5. كاككۇك بىلەن زەينەپ 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(5 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① 15.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② 12.50 يۈەن
3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ 16.50 يۈەن
4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن
5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە


**مۇھەببەت قوشاقلىرى Ⅲ** ............................1
جۇدالىق ـ ھىجران قوشاقلىرى ....................3
ئاغرىنىش، نەپرەتلىنىش قوشاقلىرى ..........122
**بېيىتلەر** ............................................245

# مۇھەببەت قوشاقلىرى



مۇھەببەت قوشاقلىرى III



# جۇدالىق-ھىجران قوشاقلىرى

ئىشىك ئالدى ئاق تېرەك،
ئاق تېرەككە سۇ كېرەك.
چاقچىقىمغا خۇيلانماڭ،
مەنمۇ بولارمەن كېرەك.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
يېڭى چىققان قىياققا.
يار دەردى مۇنداق بولسا،
چىقىپ كېتەي يىراققا.

مەن كېتەر بولدۇم، يارىم،
ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.
مېھرىبانىم قالدى دەپ،
چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي.

يارىنىڭ بېغىغا كىرىپ،
ئۆرۈك ئىرغىتاي، يارىم.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
سېنى يىغلىتاي، يارىم.

كېچە بولسا ياتمايمەن،
تۈگۈلۈكۈگدىن پاتمايمەن.
بىر گېپىڭنى ئېيت، يارىم،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتمايمەن.

ئىلىخو دېگەن يەردە،
شايى چاپان بەش تەڭگە.
ئازار بەرمەڭ كۆڭلۈمگە،
شېرىن جېنىم مىڭ تەڭگە.

يارنى ئۆيدە قويۇپ،
باغدا مەشرەپ ئوينايلى.
قاش - كۆزلەرنى ئوينىتىپ،
يارنى قىيناپ ئوينايلى.

ئالتىنچى ئايدا ئالتايدا،
يەتتىنچى ئايدا ماناستا.
گېپىڭ بولسا قىلىپ قال،
مەن قەشقەرگە بارماستا.

ئەجەبمۇ تېگىپ كەتتى،
بىلەكىمگە تايىقى.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق،
ئالتىنچى ئاينىڭ ئايىغى.

ئاق قۇشقاچ، ئالا قۇشقاچ،
ناۋات يەمسەن، شېكەرمۇ؟

قەدىرلىك مېنىڭ يارىم
ئەمدى تاشلاپ كېتەرمۇ؟

كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق،
يار كېتەمدىكىن بىللە؟
يار كەتسە بىللە كەتسۇن،
ئويۇن ـ كۈلكىسى بىللە.

كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئۇنداق يارىم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى
مېنىڭ تارتماسقا چارەم يوق.

كېلەرىم شۇ، كېتەرىم شۇ،
كۆزۈڭنى نەملىمە، يارىم.
پەلەكتۇر ئايرىغان بىزنى،
مېنىڭدىن رەنجىمە، يارىم.

كەت دېسەڭمۇ كېتىمەن،
كەتمە دېسەڭمۇ كېتىمەن.
ئارىدا ئىككى قونۇپ،
يارىم قېشىغا يېتىمەن.

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ،
مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

مەن بۇ يەرلىك ئەمەسمەن،
يەر ـ سۈيۈڭنى بىلمەسمەن.
يەر ـ سۈيۈڭنى بىلگەندە،
باغلاپ قويساڭ تۇرماسمەن.

كېتەردە خوشلىشىپ كەتسەڭ،
يېشىڭغا ئېسىلىۋالماستىم.
قېشىڭنى ئوينىتىپ كەلسەڭ،
لېۋىڭنى چىشلىۋالماستىم،

بىزنىڭ باغدا شاپتۇلا،
قىلاي دېسەم گەپ تولا.
ماشىنىدا كەلگەنتۇق،
ياياق كەتسەڭ سەت بولا.

يارىم كېتىمەن دەيدۇ،
مەن كەتكىلى قويمايمەن.
يولىغا توسۇق قويۇپ،
ئۆتكۈزگىلى قويمايمەن.

كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما،
كەتمىسەم لەنەت ماڭا.
ئالتە تال قارا چېچىڭدىن
ئۆزگىسى دۈشمەن ماڭا.

كەتمەكچى بولۇپ قالدىم،
كېتەمسەن مېنىڭ بىلەن؟

تۆت كۆنلۆك شۆ ئۆمرۈمنى
ئۆتكۈزەي سىنىڭ بىلەن.

كەتمەكچى بولۇپ قالدىم،
مالچىلار بىلەن تاغقا.
بىزنىڭ يار چىقىپ كەلدى
كەنجە يېپىنىپ باغقا.

ئىلى يولىدا كارۋان،
بېلىدە دورا ـ دەرمان.
سەن مېنى ياراتمايسەن،
كېيىن قىلىسەن ئارمان.

سەھەردە سايرىغان كاككۇك
ئەمدى سايرىماس بولدى.
باشتا ئوينىغان يارلار
ئەمدى ئوينىماس بولدى.

باغلىرىڭنى سەيلىتىپ،
ئارغامچا سالدىم دارىگە.
تەلپىمنىڭ يوقىدىن،
يالغانچى بولدۇم يارىگە.

سەھەردە ئويغىنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغىنادۇرمەن.
مۇرادىمغا يېتەرمەن دەپ،
ئىگەمگە يالۋۇرادۇرمەن.

قاتار ـ قاتار جىگدىلەر
ئەجەبمۇ پۇراپ كەتتى.
خەت ـ خەۋەر يوق يارىمدىن،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.

ئېتىزنىڭ شىۋاقلىرى،
ئېچىلدى قۇلاقلىرى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
يار ئىشق ـ پىراقلىرى.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
نە ئېتەي، قادىر خۇدا،
يارىمنى مەندىن ئايرىدى.

سۇنى سەپتىم سۇپىغا،
سۇزۇۋالدىم قۇتىغا.
ئۆزى كەتتى يۇرتىغا،
مېنى قويدى ئوتىغا.

يار دەردى يامان ئىكەن،
مەن ئۆرە تۇرالمايمەن.
باراي دېسەم يول يىراق،
ۋاقتىدا كۆرەلمەيمەن.

قېشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز.

يوقمىدى ئۇياتىڭىز،
زارۇزار قاقشاتتىڭىز.

ئاقسۇ يولى مۇز داۋان،
مۇز داۋاندا بىر جۇۋان.
ئۇ جۇۋاندىن سورىسام،
ئۆزى ياردىن ئايرىلغان.

ئاسماندىكى بوز تورغاي،
سايرىمىساڭ نە بولغاي؟
كىچىككىنە يارىمنى
قىينىمىساڭ نە بولغاي.

ئاھ ئۇرار بولسام، جاھاننى
يالقۇنى كۆيدۈرگۈسى.
ياش تۆكەر بولسام، زېمىننى
كەلكۈنى چۆمدۈرگۈسى.

باغ ئىچىدە بوستانلار،
يارىشىدۇ چوكانلار.
قارا كۆزنىڭ دەردىدە،
ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار.

يار دەردىدە ئاۋارە،
بولدى يۈرىكىم پارە.
ئۆزۈڭ بىلىسەن، يارىم،
بۇ دەردكە نېمە چارە؟!

مەن كۇرەگە بارغاندا،
ئون سەر يارمىقىم بولسا.
مېنىڭ تاۋىم ئۆسمەمدۇ،
يېنىمدا ئامرىقىم بولسا؟ !

گۇل ئېچىلدى چىمەن باغدا،
تاماشا قىلسا بولمامدۇ؟
ئاتىمىز يوق، ئانىمىز يوق،
خۇدايىم رەھىم قىلمامدۇ؟

قارىسا كۆرۈنمەيدۇ
دەرياغا يېقىن سايلار.
مېنىڭ يىغلىغىنىمنى
قارا كۆز قاچان ئاڭلار؟ !

يار ئىشىكىدە تۇرسا
قىزىلگۈلى بېشىدا.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
بىردەم ياتسام قېشىدا.

گۇل مەشۇق دېگەنىبىلەن،
ئوقەت قالىدۇ چەتتە.
كىچىككىنە قارا كۆز
يىغلاپ يۈرگۈدەك دەردتە.

يۇقىرىغا بارغۇچە،
بىرلا كۆردۈم يانغۇچە.

ئىككى يىل كۆيۈك تارتىپ،
سۆيەلمىدىم قانغۇچە.

قارچىغام ئۈچۈپ كەتتى
پەلىيمىنىڭ يوقىدىن.
قارا كۆز كېتىپ قالدى
تەلىيمىنىڭ يوقىدىن.

قارىغاينىڭ يوپۇرمىقى
قاتمۇقات بولار ئىكەن.
ئۆز ياردىن ئايرىلسا،
قاتتىق دەرد بولار ئىكەن.

بېدىلىكتە ئوتلايدۇ
ئېگەرلەنگەن ئارغىماق.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
سۆيگەن ياردىن ئايرىلماق.

ئاق كەپتەرمۇ ئۈنلەيدۇ،
كۆك كەپتەرمۇ ئۈنلەيدۇ.
ئادەم دېگەن ھۆل نېمە،
كۆيۈك ئوتىغا ئۆلمەيدۇ.

نەدىكى گەپنى قىلىپ
ئەندىشىگە قالدى كىشى.
چەككىلى تاماكا يوق،
مۇڭداشقىلى نەدە كىشى؟ !

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى دەريا،
ئېقىپ بارسام كۆرەرمەنمۇ؟
ئوتۇڭدا كۆيۈپ يۈرۈپ،
دەردىڭدە ئۆلەرمەنمۇ؟

خۇدانىڭ بەندىسى كۆپتۇر،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇر.
مېنىڭدەك بولغىنى بولسا،
كۆيۈپ كۈل بولغىنى يوقتۇر.

قارلار ئېرىپ ياز بولمايدۇ
باغداشنىڭ تاغى.
دەرد كەلگەندە پايلىمايدۇ
يۈرەكنىڭ داغى.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
بېشىمغا قويدۇم تېڭىنى.
ئۆلمىسەك چەندان كۆرەرمىز
تاللىۋالغان يارىنى.

تاغقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قۇرغۇي بالىسى بار ئۈچۈن.
ئوتقا سالسا كۆيمەس ئىدىم،
ئوتسىز كۆيدۈم يار ئۈچۈن.

يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.

ئىشق ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

ئاق گۈلۈم، قىزىلگۈلۈم،
ئەجەب چاغدا غازاڭ بولدۇڭ.
مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئۆزۈڭ يولغا راۋان بولدۇڭ.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
غالجات غولىنىڭ بېشى.
ئاھ دېسەم ئاۋۋال كەتتى
قارا كۆزۈمنىڭ يېشى.

سەن تىرىك دەمسەن مېنى،
مەنغۇ تىرىك ئۆلگەندىمەن.
تىرىك ئايرىلغان يارىمنىڭ
ئوتىدا كۆيگەندىمەن.

گۈلمۇ خوپ، غۇنچەمۇ خوپ،
ئېچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ.
چوڭ بولۇپ دەرد تارتقۇچە،
كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ.

ناخشا ئېيتىدۇ دەيدۇ،
ئېيتماي نە قىلاي ناخشى.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
خىيال قىلمىسام ياخشى.

گۈل غۇنچە ــ گۈلى غۇنچە،
نېمە كۆيدۈرىسەن مۇنچە؟
قېشىمدا تۇرمىدىڭ بىردەم،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلغۇنچە.

يارىم بەرگەن ئۈچ ئالما،
ئۈچى ئۈچ بۆلەك ئىكەن.
يەتكۈزمىگەن مەقسەتكە
ئەجەب كاج پەلەك ئىكەن.

كۆڭۈل بەرمىسەم يارغا،
ئوق تەگمەس ئىدى جانغا.
كۆڭۈلنى قويۇپ بېرىپ،
يۈرەك ئۆرۈلەر قانغا.

بىۋاپا ئىكەن ئالەم،
كۆپ جاپانى كىم بىلدى؟
ئاخىرى جۇدالىقكەن،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى؟

بۇلبۇل سايرىماس بولدى،
گۈللەر يارىماس بولدى.
دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ،
يارىم قارىماس بولدى.

بۈگۈن ئالتە، تاڭلا يەتتە،
يار بىلەن يول ماڭغىلى.

ئۆيگە كىرسەم ئۆيدە يوق،
تالاغا چىقسام شامىلى.

بۇلبۇل سايرىدى، كەتتى،
كاككۇك سايرىدى، كەتتى.
تۆت كۇنلۇك شۇ ئالەمدە
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

سۇ بويىدا ياش تاللار،
ھەر تاللاردا مارجانلار.
يوللاردا جاپا چېكىپ،
ئېقىپ كەتتى بۇ جانلار.

گۇلۇم غۇنچە، گۇلۇم غۇنچە،
نېمە قايرىلىسەن مۇنچە؟
پىغاندا بۇلبۇلۇڭ دائىم،
ئېچىلساڭچۇ كۇلۇپ غۇنچە.

سېنى ئەنجاندا دەپ ئاڭلاپ،
بېلىمنى سەيلىدە باغلاپ.
سېنى كەلمەيدۇ دەپ ئاڭلاپ،
باياۋان - چۆللىدە يىغلاپ.

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.

قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارىم يېتىپ كەلسە،
غېرىب بىچارە دەپ ساتسۇن.

تولغىنىپ كوچاڭغا كىردىم،
سېنى تاپتىم ئەۋرىشىم.
يۈرىكىم زەرداب بولۇپ،
قانغا ئۆرۈلدى كۆز يېشىم.

ۋادەرىخا، دەردى بىلەن،
مەن ئادا بولدۇم نېتەي؟
دۇرۇ گۆھەرنى يىتتۈردۈم،
تاپمىدىم ئۆلدۈم نېتەي؟

ۋادەرىخا، ئۆتتى ئۆمرۈم
ھەسرىتى، ئارمان بىلەن.
قىلمىدىم زىكرى ۋاپانى
بىر زامان جانان بىلەن.

باغۋەن، بېغىڭنى ئاچقىن،
مەن نىگارىمنى كۆرەي.
سايىدا كۆزى خۇمار،
مەستانە يارىمنى كۆرەي.

دەرد بېرىپسەن بەندىگە،
دەرمان سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر.

پادىشاھى بار كېرەم،
پەرمان سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر.

باغ ئارىلاپ، تاغ ئارىلاپ
تەگكەن ئوقنىڭ سانى يوق.
ئوق تېگىپتۇ جانىگە،
مىدىرارغا ھالى يوق.

يارنى دەپ ئارا بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتىپ،
يارىمدىن جۇدا بولدۇم.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا
كۆرۈنەر چىراغ ئوتى.
ئاشىقلىق قىلاي دېسەم،
قورقىمەن كىشىنىڭ يۇرتى.

يارىم تەرىپىنى دەپ،
كېچە - كۈندۈز سۆزلەيمەن.
مەندەك سۆز قىلالمايدۇ
شاھلار ئاسرىغان تۇتى.

يۈرەكىمنى كۆيدۈردى،
مېنى ھەركۈن ئۆلتۈردى.
كۆيدۈردى ۋۇجۇدۇمنى
يارىمنىڭ ئىشق ئوتى.

يارىم بىزگە باقماي يۈرۈپ دىلغا غەم سالدى،
شەپقەت بىلەن سورىغانمۇ كۆڭلى مولۇلنى.
بەختىم قارا بولغان ئۈچۈن يار بىزگە باقماس،
يىغلاتقىنى ياخشى ئەمەس بىزدەك ئوغۇلنى.

قىزىلگۈل ئاراسىدىن
تېپىۋالدىم ئۆرۈكنى.
سەن مېنىڭدىن ئايرىلساڭ،
تاپالمايسەن تۈزۈكنى.

ئاقتۇر بىلىكىم، ئاقتۇر،
بېرىپ رەمچىگە رەم باقتۇر.
رەمچى ئېيتىدۇ يالغان،
كۆيۈككە داۋا يوقتۇر.

ئېتىمىزنىڭ قىرىدا
توخۇ - ئۆردەك دانلايدۇ.
ھېچبىر ئىشنىڭ تايىنى يوق،
يار مەندىن يامانلايدۇ.

كېتەرمەنغۇ، كېتەرمەنغۇ،
يۇرتۇڭدىن كېتەرمەنغۇ.
داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە،
يادىڭغا يېتەرمەنمۇ؟

يالغۇز توغراق تۈۋىدە،
دۇتارىڭنى چالامسەن؟

مەن كەتتىم قورۇلقۇمغا،
يىغلاپ ـ قاقشاپ قالامسەن؟

ئۆيۈمنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭ ئاغرىمدىكىن، يارىم؟
مەن ئەمدى كېتەر بولدۇم،
ئىچىڭ ئاغرىمدىكىن، يارىم؟

ئالما دەيدۇ جانانىم،
جىڭلاپ ساتقىن ئالمىنى.
ئەمدى مېنى سۆيمىسەڭ،
ئۆز يولۇمغا سال مېنى.

يىغلىما ھەسرەت چېكىپ،
جېنىم تېخى تەندىدۇر.
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم ھامان سەندىدۇر.

مەن سەپەرگە چىققاندا،
يارىم ئۆيىدە قالغان.
خوش ئەمدى دېگەن چاغدا،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.

قۇم سىيرىلدى قۇم تاغدا،
مەن سىيرىلدىم گۈلباغقا.
ئەجەبقىنا ئايرىلدۇق،
ۋاقىتسىزلا يىراققا.

تاغقا چىقتىم ئات بىلەن،
قايتىپ چۈشتۈم يات بىلەن.
ياخشى - يامان بولساقمۇ
كۆرۈشۈپ تۇرايلى خەت بىلەن.

كېپىنەك بولۇپ ئۇچارسىز،
قىزىلگۈلگە قونارسىز.
غېرىب بولغان چاغلاردا،
بىزنى ئەسلەپ قويارسىز.

چوكان سېكىلەك يارنىڭ
چېچى غولىغا پاتماپتۇ.
ئارىدا مۇسۇلمان يوق،
مېنى يارىمغا قاتماپتۇ.

ئىشىكىڭدىن مارىسام،
چىراغىنىڭ يورۇقى باردۇر.
سەن قارىمىساڭ، يارىم،
خۇدانىڭ بۇيرۇقى باردۇر.

مېھرىبان كەتتى قېشىمدىن،
ئوتى - پىراقى كەتمىدى.
بۇ مېنىڭ يىغلىغىنىم،
ھەرگىز خۇداغا يەتمىدى.

قارا قاش كەتكەن بىلەن،
ئوت - پىراقى كەتمىدى.

مەن يارىمغا يىغلىسام،
يار ھالىمغا يەتمىدى.

غەزەل ئوقۇماي دېسەم،
دەردىم ئوقۇتاي دەيدۇ.
يارغا قارىماي دېسەم،
ئوتى قارىتاي دەيدۇ.

ئۇيقۇ كەلمەي كۆزۈمگە،
تۈندە يۇلتۇز سانارمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى
قاچان كۆرۈپ يانارمەن؟

ئايرىلمايلى دېيىشىدۇق،
ئايرىلىپ كەتتۇق.
ئارىدا ھەسرەت چېكىپ،
قايرىلىپ كەتتۇق.

بىر قاچىغا گۈل تېرىدىم،
بىر قاچىغا يۆگىمەچ.
يۆگىمەچتەك قۇرۇپ كەتتىم،
مەن يارىمنى كۆرمىگەچ.

سارغىيىپ ئۆسكەن دەرەخنىڭ
سايىسى بولماس ئىكەن.
يارغا كۆيگەن شول يۈرەكنىڭ
دورىسى بولماس ئىكەن.

كەتتى ـ كەتتى بىزنىڭ يارلار،
لەڭگەرگە كەتتى.
كېلەمدىكىن ـ كەلمەمدىكىن،
قارارى يەتتى.

دەريا سۈيى لاي كەلدى.
يار ئۆرۈلدىمۇ باشتىن.
بېشىمىزغا دەرد كەلدى،
ئايرىلدۇق قەلەم قاشتىن.

قارلىغاچ چاڭگا تىزىپتۇ،
قول يەتمەيدىغان يەرگە.
مېنىڭ يارىم كېتىپتۇ،
كۆز يەتمەيدىغان يەرگە.

يەرنى چاپ كەتمەن بىلەن،
مۇڭداشقىن دەردمەن بىلەن.
ئوتنۇڭ قالدى يۈرەكتە،
سەن ئۆزۈڭ كەتكەن بىلەن.

دۇتارنى چالاي دېسەم،
پەدىسىنى باسالمىدىم.
يار كېتىپتۇ قەشقەرگە،
كەينىدىن بارالمىدىم.

ئۇرۇمچىدىن ماڭغاندا،
داخىيەندىن قايرىلدىم.

تەتۈر ئىكەن پېشانەم،
مەن يارىمدىن ئايرىلدىم.

قۇشقاچلار جاۋىلدايدۇ،
چاڭگىسىنى تاپالماي.
جۇدالىقتا يىغلايمەن،
يار قېشىدا ياتالماي.

ئۇ تاغلارمۇ يىراقتا،
بۇ تاغلارمۇ يىراقتا.
مەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
ئەجەب قالدىم يىراقتا.

ئوتنى ياقسام ئوچاققا،
ئىس چىقمايدۇ مورامدىن.
قىلتاقچى يامان ئىكەن،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

ئاتلارنى قوشۇپ قويدۇم،
يوپۇق ياپسەن دەپ.
مەن يارىمدىن ئايرىلدىم،
يالغۇز ياتىمەن دەپ.

بىر سەر ئالتۇن ئون مىسقال،
تارتىپ كۆرۈپ باققان يوق.
ئالتە ئاي تارتىپ دەردىڭنى،
بويۇڭنى بىر كۆرگەن يوق.

سوپىياڭ سېرىق بولۇر،
يول ياقىسى ئېرىق بولۇر.
ياردىن ئايرىلغان كىشىنىڭ
چىرايى سېرىق بولۇر.

ئەجەب كەلمىدىڭ، يارىم،
ئوتياشنى ئوتاشقاندا.
ئەجەب چاغدا ئايرىلدۇق،
يۈرەككە ئوت تۇتاشقاندا.

پاڭچۇ كۆڭلىكىم باردى،
ئوت چاچراپ كۆيۈپ قاپتۇ.
كۆڭلۈمدىكى يارىمغا
تىل تېگىپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئات مىنىپ سەيلە قىلىپ،
ئۈچ داۋاننى ئاتلىدىم.
سەن كېتىپ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ،
يۈرىكىمنى تاتلىدىم.

قولۇمدىكى ياغلىقىم
گۈل شاخىغا ئىلىندى.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
غېرىبلىقىم بىلىندى.

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

دۈشمەن كىردى ئارىغا،
بۇنى سەندىن كۆرمەيمەن.

قىزىلگۈلنى پەرۋىشلەپ،
ئەتىرگۈلدىن ئايرىلدۇق.
كۆڭلى قارا يارنى دەپ،
ياخشى ياردىن ئايرىلدۇق.

بۇلبۇل سايرىغان باغدا،
غۇنچە پورەك ئاچماپتۇ.
ئايرىلىشنىڭ دەردىنى
يار مېنىڭدەك تارتماپتۇ.

بازارغا بارسام بىللە سەن،
تاغقا چىقسام بىللە سەن.
قارىسام كۆرۈنمەيسەن،
قارا كۆزۈم، نەدە سەن؟

كەتتى - كەتتى بىزنىڭ يارلار،
كوچاغا كەتتى.
كىلەر دېسەم كەلمەي قالدى،
غېرىبلىق يەتتى.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
شەرىڭدىن كېتەي ئەمدى.
مەن شۇنچە يامان بولسام،
كۆزۈڭدىن يىتەي ئەمدى.

كەت دېسەڭمۇ كېتەيمەن،
كەتمە دېسەڭمۇ كېتىمەن.
ئارىدا ئىككى قونۇپ،
يار قېشىغا يېتىمەن.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
ئاتام بىلەن ئانام قالسۇن.
ئانام بىلەن ئاتامنىڭ
يۈرەكتە ئوتلىرى قالسۇن.

مەن بۇيەردىن ماڭغاندا،
كېتەمسەن، يارىم، دېمىدىڭ.
چىنىگە چاينى قۇيۇپ،
ئىچەمسەن، يارىم، دېمىدىڭ.

يىغلىمايمەن ئاھ ئۇرۇپ،
قەدرىمنى ھېچ بىلمىدىڭ.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

تۈگمىنىڭگە بارمايمەن،
ئۇن تۇزۇيدۇ ياقامغا.
كۆڭلۈم ئاغرىدى سەندىن،
قارىمايمەن ئارقامغا.

كېرىيە يولى يول بولسۇن،
ئاشلىقلىرى مول بولسۇن.

يارىم كېتىمەن دەيدۇ،
كېتىۋەرسۇن، يول بولسۇن.

ئانارگۈلى گۈل بولسۇن،
سەبدەگۈلى گۈل بولسۇن.
سەندەك ياردىن تويدۇم مەن،
كېتىۋەرگىن يول بولسۇن.

كۈلا ئەمەس سىم بىلەن
باغلىغان مەن بېلىمنى.
شۇنچە ۋاقىت بىرگە يۈرۈپ،
بىلمىگەنمۇ دىلىمنى؟

بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە،
ئات هارۋاڭنى قوش ئەمدى.
مەن ئەمدى كېتەر بولدۇم،
كۆرۈشكۈچە خوش ئەمدى.

گۈل سىيرىلدى ئۈياققا،
مەن سىيرىلدىم بۇ ياققا.
ئەمدى قانداق قىلىمىز،
كۆچۈپ كەتتۇق يىراققا.

ئۈياندىنمۇ باقتىڭىز،
بۇياندىنمۇ باقتىڭىز.
كېتەر ۋاقتى كەلگەندە،
يۈرەككە ئوت ياقتىڭىز.

قىش پەسلى كېلىپ قاپتۇ،
دەريا ياقىسى توڭلاپ.
يۈرىكىمگە دەز كەتتى،
سېنى كېتىدۇ دەپ ئاڭلاپ.

پەنجىرەڭدىن قارايمەن،
كىرەي دېسەم پاتمايمەن.
گېپىڭ بولسا ئېيت، يارىم،
ئەمدى كەلسەم قايتمايمەن.

سېرىنگۈلنى يۇرايمەن،
قىزىلگۈلنى يۇرايمەن.
سىز يارىمنى ئەسلەشكە،
بىرتال رەسىم سورايمەن.

سەن كەتتىڭ يىراقلارغا،
مەن قالدىم بۇياقلاردا.
قاچاندا كۆرۈشەرمىز،
ياش تولدى چاناقلارغا.

مېنى كەتتى دەپ، يارىم،
ھىجراندا غەم يېمىگىن.
يۈرىكىم سەن بىلەن قالدى،
تاشلاپ كەتتى دېمىگىن.

ئېلىنىۋالدىڭ كۆڭلۈمنى،
مۇھەببەتلىك سۆز بىلەن.

كەتسەڭ قاچان كېلۇرسەن،
بېقىپ خۇمار كۆز بىلەن؟

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ،
بىرى تاغدا، بىرى باغدا.
يامان چاغدا ئايرىلدۇق،
قەدرىڭنى بىلەر چاغدا.

كۆڭلۇمدىكى شول يارىم،
بۇگۈن - ئەتە كەتكۈدەك.
نەچچە ۋاقىت كۆيگىنىم،
ئەمدى بىكار كەتكۈدەك.

زەپ چىرايلىق ئۆسۈپتۇ،
ئۆستەڭ باشىدا يالپۇز.
سەن كېرىيىدىن كەتكەندە،
قانداق ئۆتەرمەن يالغۇز؟

يېڭىدىن ساراي سېلىپ،
پەنەركىدە ياپتۇردۇم.
كېرىيىدىكى ئۇز يارنى
مەن خۇداغا تاپشۇردۇم.

ئالما ئاتتىم كەتكەندە،
تۇتۇۋالسۇن يەتكەندە.
يارىم خاپا بولمىسۇن،
كۆرۈشەلمەي كەتكەنگە.

قۇشقاچلارنى ئۇركۈتۈپ،
قۇرغۇي قوندى تېرەككە.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
يارنى سۆيمەي كەتمەككە؟

ئاتىڭنى سۇغارمامسەن،
لەڭزە ئالدىدا كۆلدە؟
بىزنى ياد ئېتەرسەنمۇ،
خوتەن يولىدا چۆلدە؟

تاۋار ياغلىق ئەۋەتتىم،
يارغا سوۋغىتىم بولسۇن.
مەن خوتەندىن كەلگۈچە،
يار تۇتماي ساقلاپ تۇرسۇن.

باشلاپ بارغىن ئۆيۈڭگە،
كۆرۈۋالاي خۇمارلىق.
كېتەر ۋاقتىم ئاز قالدى،
سۆيۈۋالاي خۇدالىق.

تاغقا چىقتىم كۈز كۈنى،
كۆرۈپ قالدىم تۈلكىنى.
ساق - سالامەت بولساقلا،
كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى.

ئەتىيازدا قار ياغدى،
ئېرىقلاردا مۇز تۇتماي.

يارىم بىلەن ئايرىلدۇق،
قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتماي.

نانىنى تۇگدۇم پوتىغا،
چاينى سالدىم قۇتىغا.
يارىم كەتتى يۇرتىغا،
مېنى سېلىپ ئوتىغا.

يارىم كەتتى ئۇزاققا،
مېنى سېلىپ دوزاخقا.
مېنى ئالسۇن دوزاختىن،
قايتىپ كېلىپ بۇياققا.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
بېلىڭ تالدىمۇ، يارىم؟
ئالدىراپ كېتىپ قالدىم،
گېپىڭ قالدىمۇ، يارىم؟

كېۋەزلىكمۇ بىزنىڭ يەر،
قوغۇنلۇقمۇ بىزنىڭ يەر.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق،
خەلقىئالەم نېمە دەر؟!

قاشنىڭ قاراسى قۇندۇز،
ئاينىڭ يانىدا يۇلتۇز.
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
قالدىم ئەمدى مەن يالغۇز.

قوي باقتۇق يانار تاغدا،
سۇ ئىچتى يانار چاغدا.
يارىم كەتمەك بولۇپتۇ،
قالدۇرۇپ مېنى داغدا.

بىر سايرىسا بولمامدۇ،
كاككۇك كېلىپ تالىمغا؟
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
يار يەتمەيدۇ ھالىمغا.

مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ
كەتسەم ئىچىڭ ئاغرىمدۇ؟
بىزنى يامان دېگىلى،
يۈرەك ـ باغرىڭ چىدامدۇ؟

ئاتنى ساتمىسام بولماس،
دەردنى تارتمىسام بولماس.
پۇلۇم يوق دېگەنبىلەن،
يارنى تاپمىسام بولماس.

سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ،
سۇنى لېيىتقان يارىم.
باغرىغا تاشنى قويۇپ،
بىزنى ئۇنۇتقان يارىم.

باغدا زەينەپ سايرايدۇ،
كاككۇكنى تاپالماي.

غېرىب بالىلار يىغلايدۇ،
ئۆز يارىنى تاپالماي.

باغىڭدىكى گۈلۈڭنى
شامال قايرىۋەتتىمۇ؟
بىز ئىككىلەن ئامراقتۇق،
دۈشمەن ئايرىۋەتتىمۇ؟

بىلىكىمنىڭ ئاقلىقى،
سائىتىمنىڭ يوقلۇقى.
دوست ـ دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا
سەن يارىمنىڭ يوقلۇقى.

يارنىڭ بېغىدا بىرگۈل،
شاختىن قايرىلاي دەيدۇ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
مەندىن ئايرىلاي دەيدۇ؟ !

سارغىيار كۆيمەس چىرايىم،
زەپىران بولغان بىلەن.
مەنمۇ ئۆلمەسمەن، يارىم،
سەندىن ئايرىلغان بىلەن.

هۆل قومۇشقا ئوتنى ياقسام،
سارغىيار، كۆيمەس دېدىم.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەكنى
مەندىن ئايرىلماس دېدىم.

قارا قۇرۇمنىڭ قارلىرى،
دەريا بويى باغلىرى.
ساقايمايدۇ يارىمنىڭ
يۈرەكتىكى داغلىرى.

ئۆستەڭ سۈيى تارتىلدى،
يا كەتكەنمىدۇ باشتىن؟
خوشمىغىنا ئايرىلدىم،
قارا كۆز قەلەم قاشتىن.

قاپىقىم تولا تارتتى،
نېم بالا بولدى بۈگۈن؟
قاشى قارا، مەڭزى قىزىل
ياردىن ئايرىلدىم بۈگۈن.

ياردىن مەن جۇدا بولدۇم،
تارىسىز دۇتار بولدۇم.
ئەقىلسىز نادانلىقتا
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.

ئايدىڭ بولسا كۈندۈزدەك،
يارنىڭ جامالى كۈندەك.
ئەجەبمۇ ئايرىلىپ كەتتۇق،
بوراندا توزۇغان گۈلدەك.

كەڭ تۈزدىكى قوغۇننى
ئۆزۈم باقىمەن، يارىم.

ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتىمەن، يارىم.

ئورما ئوردۇق ئايدىڭدا،
ئېتىزلاردا باغ قالدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

سەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا،
مەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
قارلۇق ئۆستەڭ بويىدا.

ئايدىڭ بولدى كۈندۈزدەك،
قويلار ياتتى يۇلتۇزدەك.
خوشمىغىنا ئايرىلدۇق،
شامالدا توزۇغان گۈلدەك.

گۈلمىدىڭ ئاچىلغىنى،
بۇلبۇلمىدىڭ سايرىغىنى؟
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تورۇپ ئايرىلغىنى.

يارىم بەرگەن قولياغلىق،
شاپتۇل شاخىدا قالدى.
گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام،
كۆڭلۈم ئارادا قالدى.

ئېگىز تاغقا ئۇرۇق چاچسام،
چاچراپ كېتىمەن دەيدۇ.
قىزچاقلاردىن يار تۇتسام،
تاشلاپ كېتىمەن دەيدۇ.

تاۋار باللا، تاۋار باللا،
تاۋاردىن ئەتىۋار باللا.
ئۆز ياردىن ئايرىلىپ،
يۈرەكتە دەردى بار باللا.

كۈن ئېگىلدى كەچ بولدى،
دەرەخ ئېگىلدى پەس بولدى.
سىز يارىم كەتكەن بىلەن،
مەن غېرىبقا تەس بولدى.

پىيالىيا، پىيالى،
سىنچاي ئىچكەن پىيالى.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
ئوقۇشقا كەتكەن زىيالىي.

چوڭ ئۆستەڭگە سۇ كەپتۇ،
كەتمەن ئېلىپ قاشلىدۇق.
يېڭى يارنى كۆرگەندە
كونا يارنى تاشلىدۇق.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
كۆرۈنمەيدىكەن مۇنار.

ئەجەبمۇ تاشلىشىپ كەتتۇق،
قايسىمىزدىكى گۇناھ؟

ئاقمىدى بىلەكىڭىز،
كۆكمىدىكى خەمەكىڭىز؟
بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز،
تاشمىدى يۈرەكىڭىز؟

كېتىمەن دەپ كەتتىڭمۇ،
قارايىڭغا يەتتىڭمۇ؟
بىزلەرنى تاشلاپ كېتىپ،
مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟

يارىم بەرگەن ئالمىنى
قىشقىچە ساقلاپ يەيمەن.
سەن ئۇمىدنى ئۈزسەڭمۇ،
مەن ئۇمىدنى ئۈزمەيمەن.

ھاۋا ئايلىنىپ قاپتۇ،
مەنمۇ ئايلىنارمەنمۇ؟
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
ياردىن ئايرىلارمەنمۇ؟

ئېگىز دۆڭگە چىقماڭ سىز،
سىيرىلىپ چۈشەلمەيسىز.
بىزنى تاشلىغان بىلەن،
ئۇمىدنى ئۈزەلمەيسىز.

خۇيلۇقۇم، ئۇز خۇيلۇقۇم،
ئۆزۈڭنى گالۋاڭ قىلمىغىن.
ماڭا مەيلىڭ بولمىسا،
كۆڭلۈمنى ۋەيران قىلمىغىن.

ئاتنى توقۇپ يۇگەن سال،
چاچنى ئۆرۈپ بەلگە سال.
كۆڭلۈڭ چۈشمىگەن يارنى
ئالداپ ـ سىلاپ يولغا سال.

قاشىڭ قارا، كۆزۈڭ كۆك،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم كۆپ.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ماڭا بەرگەن تۇزۇڭ كۆپ.

يۇرتىمىزنى سورىسىلا،
قارا قومۇش ـ ئويتوغراق.
يېنىشىمىزنى سورىسىلا،
ئازنا كۈن پېشىندىراق.

مەن سېنى كۆرگەنچە كۆرگۈم كېلىدۇ،
قۇچىقىمغا ئېلىپ سۆيگۈم كېلىدۇ.
ھەمىشە مەن سېنى ياد ئېتەدۇرمەن،
كۈچ ـ مادارىمدىن ھەم كېتەدۇرمەن.

ئەي مېنىڭ گۈزەل يارىم، قەلەم قاش،
كۆزۈمدىن ئاقتى قان بىلەن ياش.

كېچە بولسا ئۇيقۇ قاچتى،
تامامىي ئەزايىمغا ئوت تۇتاشتى.

كەتتى مېنىڭ جانىم ئېقىپ،
ياتسام باغرىمنى يەرگە يېقىپ.
خۇدا ئېرىتسە تاش باغرىڭىزنى،
تۇتۇپ ياتسام مۇبارەك ساغرىڭىزنى.

ئەي پەلەك، چەرخىڭ بۇزۇق،
كىملەرگە خار قىلدىڭ مېنى؟
مەيلى بارۇ مەيلى يوققا
ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى.

قىبلىنىڭ شامالىرى،
سۇندۇردى گۈل بەرگىنى.
مەن بېرىپ كىملەرگە يىغلاي،
بىۋاپانىڭ دەردىنى؟

دەردكە دەرد بەرگەن خۇدا،
دەردمەنگە دەرد بەرگەن خۇدا.
شۇنچە دەرد باشىمدا تۇرسا،
تۆپىلەپ بەرگەن خۇدا.

سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ،
سۇنى سەن لېيىتتىڭمۇ؟
باغرىڭغا تاشنى قويۇپ،
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟

بېشىڭنى تاراپ بولۇپ،
ئاپتاپتا قۇرۇتتۇڭمۇ؟
مەن سېنى ئۇنۇتمىسام،
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟

مەن ساڭا نېمە قىلغان،
باغرى تاشلىق قىلغىلى؟
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇپ،
كۆزۈمنى ياشلىق قىلغىلى.

يارىم بىلەن ئوبدان ئىدۇق،
ئايرىلىپ يامان بولدى.
يار ئوتىدا چىرايىم
سارغىيىپ سامان بولدى.

ئىچىم قايناىدۇ، قايناىدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
ئۆمرۈم دەردتە ئۆتەرمۇ،
ئېچىلماي توزۇغان گۈلدەك؟ !

زار - زار يىغلاپ يۈردۈم،
ئېيتىپ قويۇڭلار يارىمغا.
يىغلىتىپ ئوتلارنى ياقتى
مېنىڭ خەستە جانىمغا.

بەرگىنە شارابىڭنى،
ئىچىپ تازا مەست بولاي.

كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى
بىردەم بولسىمۇ ئۇنتاي.

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
بىۋاپانىڭ دەردىدە
يېتىم بىچارە بولدۇم.

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدا تۇرۇپ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
جۇدالىق دەردىدە قاقشاپ،
خاراب بولغانغا يىغلايمەن.

مەن ئۆزۈم غېرىب بەندە،
كىيىشىم كۇلا ـ جەندە.
ماڭا كەلگەن ئەلەمنى
كىملەر قىلدى بەخشەندە؟

مەن ئۆزۈم غېرىب بەندە،
كىيىشىم كۇلا ـ جەندە.
كۆيەكنى تولا تارتتىم،
مادارىم قالمىدى تەندە.

كۆزۈڭ ئوخشايدۇ بۇلاققا،
قېشىڭ ئوخشايدۇ قىياققا.
مېنى تاشلاپ يۈرۈپ كەتتىڭ،
بارسا كەلمەس يىراققا.

بىر توقاچنىڭ تېگىنى
ئازغىنەم چىشلەپ ئۈزۈپ،
قاچان كېلەر يارىم دەپ،
تالدى كۆزۈم سېنى كۈتۈپ.

مۇساپىرلىق نېسىپ بولدى،
تۇغۇلغان يەردىن ئايرىلدىم.
كېچەش قىلسام كېچەش بولماس،
كېچەشلىك ياردىن ئايرىلدىم.

مەن بۇ يەرنى بىلمەيتتىم،
باشلاپ كەلگەن ئۇرايىم.
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

ئالمىچىغا بارمايمەن،
ئالمىچىدا قەرزىم بار.
مەندىن تولا گەپ سورىماڭ،
يۈرىكىمدە دەزىم بار.

چىمەندوپپىسىنى دەيمۇ؟
قەلەمدەك قاشىنى دەيمۇ.

سۇمبۇل ساچىنى دەيمۇ؟
ئۆچمەس ئوتقا سېپ قويۇپ،
ئۇنىڭ ئويناشىنى دەيمۇ؟

يار باغىدا شاپتۇلى،
ئۇچقان كىمنىڭ كەپتىرى.
چۈشكەن كىمنىڭ دەمدىرى؟
ئۆلسەممۇ چىقىپ كەتمەس،
شۇ لەۋەننىڭ دەردلىرى.

مەن ئوغلاقنى بارىمەن،
توقۇپ بېرىڭ جەدىنى،
بۇزۇۋەتمەڭ پەدىنى،
ئېيتسام، ئېيتسام تۈگىمەس،
بىۋاپانىڭ دەردىنى.

ئىشىكايلاڭدا سىم كارىۋات،
مەن ياتمايمەن، ئۆزۈڭ يات،
كىم بىلەن ياتساڭ يات مەيلى،
يار دېگەن شۇنداق بولسا،
يار تۇتمايمەن پەندىيات.

سەيلە قىلىمەن باغدا،
ھېچكىم بىلەن كارىم يوق.
ئۆزۈم غەيرىي بىر دەردمەن،
سۆيگۈنۈم يوق، يارىم يوق.

دەرد بىلەن چالاي دېسەم،
دۇتارىمدا تارىم يوق.
سەيلە قىلىپ يۈرەي دېسەم،
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق.

يار ئۈچۈن جاپا چەكسەم،
دەيدۇ: «مېنىڭ كارىم يوق».
خۇدا مېنى تاق ياراتقان،
ئاشىقىم يوق، يارىم يوق.

ناخشا ئېيتسام تۈن كېچە،
يوللار كېزىپ ھالىم يوق.
تەقدىرىمنى تاق ياراتقان،
ھېچ كىشىگە زارىم يوق.

ئاھ يارىم، دەپ زار قاقشاپ،
تەندە مېنىڭ جانىم يوق.
ئاي، يۇلتۇز گۇۋاھ بولسۇن،
دىلدا قىلچە داغىم يوق.

يوللىرىڭغا ئىنتىزار بوپ،
ئاھ ئۇرارمەن، يارىم يوق.
سېنىڭ ھىجران ئوتۇڭدا
سارغىيارمەن، چارەم يوق.

مەن چۈشكەنگە ماڭغاندا،
يارىم نان يېقىپ قالغان.

قايتىپ كېلىڭ ئامان، دەپ،
كۆزلىرىگە ياش ئالغان.

ئەتىگەندە شەبنەمدە،
گۈللۈك تۇۋىدە نەمدە.
ئويناتقىلى يارىم يوق،
ئۇخلاپ قالىمەن غەمدە.

كاككۇكۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بېغىمدا ئۇزاق سايراپ.
كۆزلىرىم سىزىپ كەتتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

بەتىنىكەم ئاقارغاندا،
قارا مايدا مايلايمەن.
مەن يارىمنى ئەسلىسەم،
ئاي، چولپانغا قارايمەن.

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
ئېتىمنىڭ قۇيرۇقى يەردە.
بېشىمغا كۈن چۈشكەندە،
مېھرىبان يارىم نەدە؟ !

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى
قانداق يىپتا يۆمەيمەن؟
سەن يارىم قەلەم قاشنى
قاچانغىچە كۆرمەيمەن؟

ئۆستەڭنىڭ تېگى تاختا،
كەلمەيسەن دېگەن ۋاختا.
مەن يارىمنى ياد ئېتىپ،
يىغلايمەن سەھەر ۋاختا.

خان كۆۋرۈكىدىن مەن ئۆتتۈم،
ئالما شاخىنى تۇتۇپ.
سەن ئۇياندا، مەن بۇياندا،
ئاھ ئۇرۇپ، قانلار يۇتۇپ.

ئىنتىزار بولدۇم يولۇڭغا،
قول سېلىپ كەلسەڭچۇ، يار.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى
ھال سوراپ كەلسەڭچۇ، يار.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئىچمەي قويىمەن چاينى.

ئوچاقىڭغا ئوت قالاپ،
يۈزلىرىم قارا بولدى.
سېنى مەن تولا ئويلاپ،
يۈرىكىم يارا بولدى.

سېنىڭ يازغان خېتىڭنى،
ئوقۇپ ـ ئوقۇپ قانمايمەن.

كىچە ـ كۈندۈز ئۈيقۇ يوق،
يارىم، سېنى ئويلايمەن.

دۇتار چالغان قولۇڭغا،
كۆڭلۈم چۈشتى خۇيۇڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
سېنىڭ ماڭغان يولۇڭغا؟

ھاۋادا يۇلتۇز تولا،
سانىسام ئوتتۇزغىنا.
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
جۇپ بولماي يالغۇزغىنا.

شامال كەلسە قىبلىدىن،
سەن يارىمنى سورايمەن.
كەلسە خەۋەر سېنىڭدىن،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

لەڭگەر سېپىي بېشىدا،
شۇنچە تولا قورام تاش.
سەن يارىمنى ياد ئەتسەم،
قۇرۇمايدۇ كۆزدىن ياش.

تاراغىزنىڭ بويىدا،
قەغەز ـ قەلەم قولۇمدا.
غېرىب بولساڭ ئەسلەرسەن،
كېتىپ بارغان يولۇڭدا.

بىۋاپالار كۆيەمدۇ،
ئاشىنىسىغا، دوستىغا؟
سەن يارىمدىن خەت كەلمەي،
نەچچە باردىم پوچتىغا.

تاغ ـ دەريانى بويلايمەن،
دائىم سېنى ئويلايمەن.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن.

پولو ساينىڭ تاشلىرى،
مېنىڭ يارىمنىڭ قاشلىرى.
ئۇلۇغ سۇدا ئاققان سۇ،
مېنىڭ يارىمنىڭ ياشلىرى.

چەكمە يۇرەك تارىمنى،
ئەلگە يايما زارىمنى.
قاچان بىرىپ كۆرەرمىز،
كۆڭلۇمدىكى يارىمنى.

كېچە يېتىپ غەم بىلەن،
كۆز يېشىمىز نەم بىلەن.
قاچان بىرگە بولارمىز،
مېھرىبان سەنەم بىلەن؟

ئۆگزەڭدىكى قومۇشنى
مەن دەسسەپ ئۆتەرمەنمۇ؟

كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
بىر كېچە ياتارمەنمۇ؟

ئارقا تاغقا بارغاندا،
تۇتۇۋالدىم تۈلكىنى.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
خۇدا بۇيرۇسا بىركۈنى.

قايناپ تۇرغان قازانغا
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.
سىز ئۇيەردە، مەن بۇيەردە،
مۇڭدىشىپمۇ ياتقان يوق.

يىگىرمە ئىككى ياشىمدا
كۈنلەر چۈشتى باشىمغا.
غېرىب بولدۇم شەھرىڭگە،
بىر كەلمىدىڭ قاشىمغا.

كۈن ئېگىلدى كەچ بولدى،
شاخ ئېگىلدى پەس بولدى.
سەن يارىمنى بىر كۆرمەي،
كۈن كەچ قىلماق تەس بولدى.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
سېغىنغانسەن ئەلۋەتتە.
سېغىنمىساڭ شۇ پەيتتە،
ئەرزىم بار قىيامەتتە.

قارلۇقتا گۈزە بولسا،
چارشەنبە بازار بولسا.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

ئۆيگە كىرسەم جىنچىراغ،
باغقا كىرسەم خۇش پۇراق.
سەن يارنى سېغىنغاندا،
باراي دېسەم يول يىراق.

يېشىلساينى بويلىغان،
ساي بويىدا ئوينىغان،
ئاق قۇ ئوخشاش گۈزەل يار،
قەلبىم سىزگە تويمىغان.

كۆكچى ساينى بويلىغان،
ساي بويىدا ئوينىغان،
سەن ئەمەسمۇ قەلبىمدە،
كېچە ـ كۈندۈز ئويلىغان؟ !

ئېلىپ قولۇمغا بىر راۋاب،
چىقتىم مەن يارنى سوراپ.
تېپىۋالسام يارىمنى
سۆيەر ئىدىم قەندەك شوراپ.

يېڭى ئېرىقنىڭ يوللىرى
شىلدىر ـ شىلدىر شاماللىق.

يادىڭدىمۇ، ئەي يارىم،
بىز ئوينىغان سامانلىق.

خام توقۇشنى ئۆگەندىم،
باپكارنىڭ تەپكىسىدە.
يارىم مېنى ياد ئەتسۇن،
سىلىپ ياتقان كۆرپىسىدە.

ئىچكىلى چاي بولمىسا،
ئولتۇرغىلى جاي بولمىسا،
ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
كۆڭلۈمدىكى يار بولمىسا؟

مەن ئۆستەڭگە بارغاندا،
كاجۇۋىدا تاش كەلدى.
سەن يارىمنى سېغىنىپ،
كۆزلىرىمگە ياش كەلدى.

بۇلبۇل شاختا سايرىسا،
گۇل قۇلاقى يەلپۈنەر.
يارىم كەتسە يىراققا،
يۈرەكلىرىم تەلپۈنەر.

ئاينىڭ هۆسنى ئۆزۈڭدە،
كۈلكە باردۇر يۈزۈڭدە.
مەن سېنى سېغىنغاندا،
ياش كېلەدۇر كۆزۈمگە.

توخۇ سەھەر چىللىسا،
تاڭ سۈزۈلۈپ ئاتامدۇ؟
يارنى يار سېغىنغاندا،
ناخشىسىغا قاتامدۇ؟ !

ئايۋانىڭدا سەن ياتساڭ،
دېرىزەڭدىن ئاتاي تاش.
خېلى بولدى كەلمىگىلى،
نېمە بولدۇڭ، قەلەم قاش؟.

تۈزلۈق سۈنى كۆپ ئىچىپ،
ئېغىز، يېشىم شور بولدى.
تولا قاراپ يولۇڭغا،
قارا كۆزۈم كور بولدى.

بىر كۆرگىلى تەلەپكار،
مەستانىلىك ئەمەس يار.
گۈل يۈزۈڭنى كۆرۈشكە،
بىركۈن بولۇر پەلەك يار.

تۈمۈچۈقۈم سايرايدۇ،
شاختا قونۇپ ئولتۇرۇپ.
خۇدايىمغا يىغلايمەن،
يارنى ئەسلەپ ئاھ ئۇرۇپ.

دۆڭمۇدۆڭ قۇمنى ساناپ،
ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاب.

قايسى شەلەردە يۈرسەن،
مەڭزى قىزىل، باغرى كاۋاپ؟

ئاق تۇخۇم، ئاپئاق تۇخۇم،
ئۆيىڭىزدە يوقمىدى؟
بىر كېتىپ ئۈنتۇدىڭىز،
كۆڭلىڭىزدە يوقمىدى؟

قىبلىدىن شامال كەلسە،
گۈلنىڭ يۈرىقى دەڭلار.
ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم،
يارنىڭ پىراقى دەڭلار.

سۇ باشلىدۇق ئېرىققا،
سۇ شارقىراپ ئاققان يوق.
مەن ئۆيەردە، سەن بۇيەردە،
مۇڭدىشىپمۇ باققان يوق.

تۇخۇم كۆمدۇم ئوچاققا،
ئېتىلغاندۇ بۇ چاغقا.
خۇمار كۆزلۈك شۇ يارىم،
سېغىنغاندۇ بۇچاغقا.

ئىشىكىڭىز تاختا ئىشىك،
قۇلۇپ - زەنجىرسالمىسۇن.
خۇدايىم بەندەم دېسە،
ئىشقى زەنجىر سالمىسۇن.

تاۋار چاپىنىم بارىدى،
ئوت چاچراپ كۆيۈپ كەتتى.
يېڭىدىن بىر يار تۇتسام،
كۆز تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى.

يارنى يار دەمدۇ كىشى،
يامانىنى يار دەمدۇ كىشى؟
ياخشى يار يېنىڭدا تۇرسا،
يامانىنى خالامدۇ كىشى؟

باغىمدىكى كەپتەرنى
پېشايۋانغا ئۆگەتتىم.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
ناخشام بىلەن تۈگەتتىم.

كېتەمدىلا، خوش ئەمدى،
پات كەلسىلە سالامەت.
ئۆزلىرىنى تاپشۇردۇم،
خۇدايىمغا ئامانەت.

بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە،
ئات ھارۋىنى قوش، دەيدۇ.
مېنىڭ شېرىن ئومىقىم،
قايتىپ كېتەي، خوش، دەيدۇ.

ئاغى ئاتنى مىنەرسەن،
كۆپ يوللاردىن ئۆتەرسەن.

قىزىلگۈلدەك يارىڭنى،
كىمگە تاشلاپ كېتەرسەن؟

چىرايىم زەپىران بولدى،
كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى.
زامانەڭدە ئادالەت يوق
كۆرۈشتۈرمەيدۇ يارىمنى.

ئانارگۈللۈك بېغىمنىڭ
ئىشىكلىرى ئېچىلدى.
يار كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ،
ئويلاپ كۆڭلۈم چېچىلدى.

ئۇستام قانچە تېۋىپ بولسا،
تومۇرنى تۇتار.
يار كېسىلى يۈرىكىمدە،
كىم ئۇنى ئۇقار؟

ئاق بوز ئاتىم سەمرىمەيدۇ،
ئېگىز ئوتىدا.
ئەجەبمۇ غېرىب بولدۇم،
يارنىڭ ئوتىدا.

ئىككى كۆزۈڭ ئوخشايدۇ،
چىمەندىكى بۇلاققا.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئەجەب قالدىم پىراققا.

خەلقئالەم ئالدىدا
ئەمدى قالدىم سوراققا.
مەن قاچانمۇ يېتەرمەن،
يارىم بىلەن مۇرادقا؟

يارنىڭ ئۆيىدە كىم بار،
يات ئادەمنىڭ ئاۋازى.
يار چىقىپ سۆيۈپ قويسا،
ئۆلۈپ كەتسەم مەن رازى.

ناخشا ئېيتىدۇ دەيدۇ،
ئېيتقاننىڭ قازاسى يوق.
باغرىم سۇ بولۇپ ئاقتى،
يۈرەكنىڭ تازاسى يوق.

ئالتۇن ئۈزۈك سوقتۇرسام،
يار قولىغا سالارمۇ؟
يارغا كۆيگەن بۇ يۈرەك
دەرد - ئارماندا قالارمۇ؟

يارىم خەۋەر بېرەر دەپ،
كەپتەر باقتىم ئاققىنا.
مېنى تاشلاپ كەتكۈچە،
ساپىنىڭغا قاتقىنا.

تەگرىتاغقا قار يېغىپتۇ،
ئالدىدا شامال.

يار ئوتى يامان ئىكەن،
بارمىدۇ ئامال؟

ئىزدەپ - ئىزدەپ يارىمنى،
چۆللەرگە كەتتىم.
مۇرادىمغا يېتەلمەي،
ئەجەلگە يەتتىم.

بېغىمدىكى گۈللەرگە،
سۇ توشۇدۇم قاپاقتا.
ياردەردىنى تارتقۇچە،
ئۆلگەن ياخشى تاياقتا.

ئۇچاي دېسەم قاناتسىز،
چاپاي دېسەم يول يىراق.
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
زەپمۇ تارتتىم دەرد - پىراق.

مەن يارىمغا ھەيرانمەن،
پىراقىدا ۋەيرانمەن.
يارىم باغدا ئوينايدۇ،
مەن چۆللەردە سەرسانمەن.

سايدا كۆرگەن سۇ ئەمەس،
جان ئالار شۇ ئېزىتقۇ.
بىر بېقىپ ناز قىلغىنى،
دورا ئەمەس، ئېچىتقۇ.

ساماۋاردىن چاي قۇيسام،
يار پۇۋلىدى، سوۋىدى.
يەمشىلىكتىن يار تۇتسام
سۆيدۈرمىدى، كۆيدۈردى.

يوللار يىراق، ئاتلار ئورۇق،
ئېگەر ـ توقۇم يولدا قالدى.
ئىسىتكىنە شۇ يارىم،
يامان چاغدا چۆلدە قالدى.

دۇتار چالىمەن ئۆزۈم،
يارنى كۈتمىدۇ كۆزۈم.
يارىمغا ياقۇرمىكىن،
كېتەيلى دېگەن سۆزۈم؟

تاغدىكى يالغۇز كېيىكتەك،
سەنمۇ يېتىم، مەنمۇ يېتىم.
مەن سېنى يوقلاي دېسەم،
يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

قارا لاچىن قاراپ ئۇچتى
يارنىڭ بېغىغا.
چىداشلىقىم قالمىدى
كۆيۈك دېغىغا.

قۇرغۇيۇم سەيلە قىلار
بىزنىڭ يارنىڭ بېغىدا.

قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ كەتتۇق
كۆيۈك ئوتى دېغىدا.

قولۇمدىكى ئۆرۈكنى
چوڭ بۇلاققا تاشلىدىم.
يارىم، سېنىڭ دەردىڭدە
كۆزلىرىمنى ياشلىدىم.

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
خەق مېنى ساراڭ دەيدۇ،
يار دەردىدە مەن ئاغرىق.

تال كېسىپ، تاللار كېسىپ،
تالنى قويۇپ، جىگدە كېسىپ.
كۆڭلىڭىز قانداق چىدايدۇ،
بىر كېلىپ تاشلاپ كېتىپ؟ !

سارغىيىپتۇ بىزنىڭ يار،
نېمە ئىشتۇر، دەردى بار.
دەرد كەلمىسە سارغايدى
دېگەنبىلەن نەدە بار؟

دەردىم تولا ئېيتايمۇ،
ھالىم تولا ئېيتايمۇ؟
ئىچىمدىكى دەردىمنى
يارىم، ساڭا ئېيتايمۇ؟

كەچمىگەن دەريانى كەچتىم،
ئۆلمىدىم سۇدا ئېقىپ.
ئەمدى كۆڭلۈڭ تىندىمۇ؟
يۈرەككە ئوتلار يېقىپ.

بارغان بىلەن ئېلىپ بولماس
ساينىڭ تېشىنى.
دەرد كەلگەندە سىيرىپ بولماس
كۆزنىڭ يېشىنى.

ئۆستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ،
يول يىراق، قونۇپ قالدىم.
مەن يارىمنىڭ دەردىدە،
سەۋدايى بولۇپ قالدىم.

بىر قولۇمدا بۈرەندە،
ئۆتۈك تىكتىم ئەرەنچە.
مەن يارىمنىڭ دەردىدە،
ناخشا ئېيتتىم بىلگەنچە.

ئۈزۈن - ئۈزۈن ئارغامچا
يولدا قالسا مەيلىمۇ؟
دەردىڭىزدە ئېتىكىم
ياشقا تولسا مەيلىمۇ؟

مەن يارغا سالام يازدىم،
كۆك قومۇش قەلەم بىلەن.

يارىم ماڭا باقمىسا،
ياتارمەن ئەلەم بىلەن.

يارىم كۆچەت تىكىپتۇ،
ئالمىدىن ئانار تولا.
بەكمۇ كۆيدۇم ئوتىدا،
قاراپ قويسا نېمە بولا؟

يارنىڭ بېغىغا كىرىپ،
يېيەلمىدىم ئەنجۈرنى.
مەن يارنى كۆرەي دېسەم،
ئېتىۋاپتۇ پەنجىرنى.

گۈل - چىمەنلەر ئىچىدىن
ئالدىم قولۇمغا تال چىۋىق.
ئىشق ئوتىنىڭ دەردىدىن.
باغرىم ئېزىلىك، رەڭگىم سېرىق.

باغدا ياتقان چار يىلاننىڭ
بوينىغا زەنجىر سالاي.
باغرى قاتتىق شۇ يىگىتنىڭ
كۆڭلىنى قانداق ئالاي؟

يارنىڭ ئۆيى كوچا بېشى،
ئەگىپ كېتەلمەيدۇ كىشى.
يارنىڭ ئىشق - پىراقىدىن
ئۆمىد ئۈزەلمەيدۇ كىشى.

قىزىلگۈلنى پۈرايمەن،
تۇزۇپ قۇرۇپ كەتكۈچە.
ياردىن ئۈمىد ئۈزمەيمەن،
يەرلىكىمدە ياتقۇچە.

قومۇشنى ئورۇغان بىلەن،
يىلتىزى كۆكلەيدىكەن.
باشقا ئوت ئۆچكەن بىلەن،
ئىشق ئوتى ئۆچمەيدىكەن.

يارىم كۆچەت تىكىپتۇ،
ئېتىزلىقنىڭ بېشىغا.
ئەجەب ئىچىم ئاغرىدى،
كۆزدىن ئاققان يېشىغا.

بۇغداينى ئورۇپ قويدۇق،
توشۇغىلى خامان يوق.
يارىم بىر قونۇپ كەتتى،
يۈرەكلەردە ئارمان يوق.

چوڭ قومۇلنىڭ يوللىرى،
ئالتە داۋان، يەتتە خادا.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
مەيدەمدە بار مۇشتتەك گادا.

ھاۋادىكى لاچىننى
قوندۇراي بىلەكىمگە.

يارنىڭ سۆزلىرى دورا،
سىڭدۈرەي يۈرەكىمگە.

گۈلۈم كەتتى، گۈلۈم كەتتى،
قولۇمدىن بۇلبۇلۇم كەتتى.
مېنى مەيخانىغا تاشلاپ،
ئۆزى چىمەن سايان كەتتى.

قارچىغامنىڭ قاناتى
لەپىلدەيدۇ ھاۋادا.
يارىم كېتىپ كەلمىسە،
ئەلەم بولۇر ناۋادا.

يارىم كەتتى ئۆيىگە،
كەينىگە قاراپ قويماي.
تەلمۈرۈپ قاراپ قالدىم،
مېھرى ئوتىغا تويماي.

باغدا ئانار ئوخشاپتۇ،
شاخ ـ شاخلىرى ئېگىلىپ.
ئۆزۈنغىچە يۈرگەن يار
كېتىپ قاپتۇ يىغلىپ.

ئۈلۈغ سۇدىن ئۆتكۈچە،
ئات كەينىگە مىنگەشتىم.
مەن سىنىڭدىن ئايرىلىپ،
بۇ دۇنيادىن تۈگەشتىم.

ئايدەك چىرايلىق يارىم،
ھەر جايدا بولساڭ بول ئامان.
سېنىڭ ئىشقىڭ ماڭا چۈشتى،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.

يارنى كەلسۇن دېگەنلەر
بىزنى كەلسۇن دەپتىمۇ؟
كۆيۈك ئوتى يامان ئىكەن،
بىزنى ئۆلسۇن دەپتىمۇ؟

يار دەپ مەن ئادا بولدۇم،
كويۇڭدا جۇدا بولدۇم.
چۆل ـ دەشتىدە سارغىيىپ،
مەجنۇندەك سەۋدا بولدۇم.

مەن ئۆزۈم كىچىك تۇرۇپ،
يار دەردىنى كۆپ تارتتىم.
كۆيۈك ئوتىغا پايلىماي،
تۇيۇقتا بىرىپ ياتتىم.

تاغقا چىقىپ كىيىك ئاتتىم،
بوز كىيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنىڭ
قوينىدا ياتالمىدىم.

دەم تۇتىدۇ، سايرايدۇ،
دەمدىرىم پېشايۋاندا.

كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
يار دەردىدە، ئارماندا.

ئايۋانىڭدا سەن ياتساڭ،
مەن قاراپ قالامدىمەن؟
كۆرۈشەلمەي سەن بىلەن،
ئارماندا يانامدىمەن؟

كەتمەكنى خىيال ئەيلەپ،
ماچاڭ بىلەن يول سالدۇق.
ئون بەش ياشتا يار تۇتۇپ،
يۈرەكلەرگە داغ سالدۇق.

سەپەرگە چىقىپ قاپتۇق،
تومۇز ئىسسىق پەيتىدە.
يىغلاپ قاراپ قالغانتى،
بىزنىڭ يارلار كەينىدە.

ئېتىم تەييار توقۇقلۇق،
تەييارلاندىم سەپەرگە.
ئۈزىتىپ قويسۇن يار مېنى،
تۇرپان دېگەن يەرلەرگە.

تام ئۈستىگە تام سالدىم،
غۇلىچىمغا كەلتۈرۈپ.
قېرى قىزلار كۆيۈپ قاپتۇ،
نومۇسۇمنى كەلتۈرۈپ.

قىرىنداشنى ئىتمىزغا
تىرىساك ئۆنمەس.
ئۆز ياردىن ئايرىلغان
يىغلىغاي، كۈلمەس.

ئۇلۇغ، سۈزۈك سۇ كەلدى،
بۇغدايدىن باشاق.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
ياردىن ئايرىلماق،

قارچىغام ئۇچۇپ كەتتى،
تۇتۇۋالدى توشقاننى.
قاراقچى ئىلىپ قاچتى،
خۇدا ماڭا قوشقاننى.

هاۋانىڭ تۇمانىدىن
باشىم ئايلىنىپ كەلدىم.
ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار،
ياردىن ئايرىلىپ كەتتىم.

ئاي نۇرى چۈشتى ئايۋانغا،
كۈن نۇرى چۈشتى ھەر يانغا.
بىر كىلىپ كىتىۋىلىپ،
مىنى قويدۇڭ ئارمانغا.

يارىم يۇرتقا بارغۇدەك،
قەنت ـ ناۋات بىرەي.

قەنت ـ ناۋات باناسىدا
يارنى بىر كۆرەي.

ئاق بۇلۇتقا دالدا قىلغان
كۆك بۇلۇتنىڭ سايىسى.
ياردىن ئايرىلغان بىلەن،
ساقايماس دىل يارىسى.

بېغىمدا ئۇچۇپ ئوينار،
ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ.
كۆزلىرىمگە ياش تولدى،
يۈرىكىمگە دەرد توشقاچ.

كېمە سېلىپ ئۆتۈڭلار،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.
كەلدى شۇنچە دەرد ـ ئەلەم،
كىچىك تۇرۇپ بېشىمغا.

يارىمدىن ئايرىلغىلى،
نەدە خىيالىم بار ئىدى؟
ئايرىۋەتتى دۇشمەنلەر،
نېمە گۇناھىم بار ئىدى؟

قارچىغامنى ئۇچۇرسام،
ئۆرلەپ كەتتى ئاسمانغا.
كىشى يېقىن كەلمەيدۇ،
مەندەك بەختى قاچقانغا.

قارچىغام قانات يايدى،
سايدىكى سۆگەتلەرگە.
سۈنى سەپسە ئۆچمەيدۇ،
ئوت كەتكەن يۈرەكلەرگە.

باغنىڭ ئىچىدە غورا،
ئۆينىڭ تېمىدا مورا.
مېنىڭ ئاشىق يۈرەكىمگە
يارنىڭ مەيدىسى دورا.

بىزنىڭ يارنىڭ كېلىشى،
تىك چوققا، داۋان بىلەن.
كۆرۈشەلمىسەم ئەگەر،
قايتىمەن ئارمان بىلەن.

چىچى تال ـ تال بولغۇچە،
قېشى قارا بولسىچۇ؟
خەقنىڭ يارى بولغۇچە،
مېنىڭ يارىم بولسىچۇ؟

تۇيۇق تېغى بېشىدا
ھۇۋۇلايدۇ بۆرىلەر.
كۆرسەتمەيدۇ يارىمنى
ھاكىم ـ دورغا، تۆرىلەر.

ئۆستەڭ بويىغا كەلسەم،
ئۆردەك بالىسى سۇدا.

يار دېگەن شۇنداق بولسا،
ئۆزۈڭ ساقلىغىن، خۇدا.

چۈنچىگە ئاستۇق ئۈزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

بېغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئۆرۈكۈڭنى ئىرغىتاي.
يىغلاش ماڭا مىراسمۇ،
سېنى مەنمۇ يىغلىتاي.

يارنىڭ ئۆيى غار ئىكەن،
ماڭا تەشنا ـ زار ئىكەن.
يەتكۈچىلىك ۋىسالغا،
بۇ كەڭ جاھان تار ئىكەن.

يۈگۈرۈپ كىردىم گۈللۈككە،
گۈلسۈرۈخلار كېرەككە.
گۈل غۇنچىسى دورىكەن،
زېدە بولغان يۈرەككە.

يار دەردىدە سەرسانمەن،
بۇ ئىشلارغا ھەيرانمەن.
باشقا كەلدى دەرد ـ ئەلەم،
شۇندىن بۇيان ۋەيرانمەن.

يۈرىكىم غەلۋىرگە ئوخشاش،
قۇيسىلا تۇرماس تېرىق.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
چىرايلىرىم ساپسېرىق.

يارىم چۈشكەن مەيىنىڭ
سايىۋەنى يوق ئىكەن.
يارنىڭ ھەربىر قارىشى
ماڭا ئاتقان ئوق ئىكەن.

مەن بازارغا بارغاندا،
گىردە - توقاچ ئېپ بېرەي.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
خالىي جايدا دەپ بېرەي.

گۇللەر گۇلگە ئوخشايدۇ،
يارنىڭ گۇلى باشقىچە.
يار دەردىنى كۆپ تارتتىم،
كىرمەي ئوتتۇز ياشقىچە.

ئىشىك ئالدى تېرەكلىك،
بەكمۇ سالقىن ھاۋاسى.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ
ھەل بولارمۇ دەۋاسى؟

يارنىڭ ھەربىر تىنىقى
ئەتىرگۇلنىڭ پۇرىقى.

مېنى يارغا قوشمىغان،
قايسى بەگنىڭ بۇيرۇقى؟ !

ئاي يۇزلۇكۇم ئاي پەرى،
مېنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ؟
ئاشىقىڭنى قاقشىتىپ،
مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟

ئالتۇنۇم بار، كۇمۇشۇم بار،
سالاي بىلەككە.
يارىم ئۆزى دورا بولۇر،
تاڭاي يۇرەككە.

گۇل دەيمەن، گۇلۇم دەيمەن،
گۇلنى مەن ئۇزمەيمەن.
يىراق بولغاچ ئارىمىز،
يارىمنى كۆرەلمەيمەن.

يارىم مېنى يارىم دېسە،
مەن هازىرلا شەدە بار.
يار دەردىدە مەن دەردمەن،
يۇرەكىمدە زەردە بار.

يارىم كىيگەن ئاياغنىڭ
پاشنىسىدا ناهالى بار.
يارىم ئۆزى بىلمىسە،
كۆيگەنلەرنىڭ نە هالى بار؟

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
مەن يارنى كۆرۈپ كەلدىم.
چىرايىغا بىر قاراپ،
بۇ جاندىن تويۇپ كەلدىم.

يار دەردمەن، يالاڭ دەردمەن،
دەردتە چاپىمەن كەتمەن.
يارنىڭ كىيىمشى شايى،
مېنىڭ كىيىمشىم چەكمەن.

مېنىڭ يارىم ئوينايدۇ،
ئەگىم يولدا ئوينايدۇ.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
شېرىن جاننى قىينايدۇ.

ئاسماندىكى ئايىم يوق،
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق.
دەردلەرنى تولا تارتىپ،
ئاۋۋالقى چىرايىم يوق.

ياردىن ئەھۋال سورىسام،
ئۆز ھالىنى ئېيتمايدۇ.
دەردىم يوق دېگەنىملەن،
كېچە بولسا ياتمايدۇ.

يۇقىرى مەلىدە ناخشا ئېيتسام،
تۆۋەن مەلىدە تىڭشايدۇ.

چىمەندوپپا كىيىۋالغان،
مېنىڭ يارىم ئوخشايدۇ.

ئاتنىڭ ئوبدىنى بولسا،
تاغدا يايلىمايمەنمۇ؟
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
كۈلۈپ ئوينىمايمەنمۇ؟

ئەجەب قونمايدىكەن قاغا
پېشايۋاندىكى جاغا.
مەن بۇيەردىن كەتكەندە،
قەدرىم ئۆتۈلەر يارغا.

يول بولسۇنۇ يول بولسۇن،
سەپىرىڭگە يول بولسۇن.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
خۇمار كۆزۈڭ كور بولسۇن.

سەن مېنى تىرىك دەمسەن،
مەنمۇ تىرىك ئۆلگەندىمەن.
تىرىك ئايرىلغان يارىمنىڭ
ئوتىدا كۆيگەندىمەن.

ئاران باققان پاقلاننى
تاغدا بۆرە يەپ كەتتى.
مېنىڭ سۆيگەن يارىمنى
ساراڭ نادان دەپ كەتتى.

ئاتامدىنمۇ ئايرىلدىم،
ئانامدىنمۇ ئايرىلدىم.
قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك،
سۆيگەن ياردىن ئايرىلدىم.

لۈكچۈننىڭ بازارىدا
ئالما ـ ئانار پۇرىقى.
سىزنى بىزگە قوشمىغان،
خۇدايىمنىڭ بۇيرۇقى.

يارىم ئۆتتى يېنىمدىن،
كۆيۈك ئۆتتى جېنىمدىن.
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق،
جاندىن ئەزىز خېنىمدىن.

مەن يارىمنىڭ دەردىدە،
ئەجەب بولدۇم پەرۋانە.
يار دەردى يامان ئىكەن،
مېنى قىلدى دىۋانە.

بېغىمدىكى قۇشقاچنى
قۇرغۇي ئارىلاپ سوقتى.
ياردىن ئايرىلىپ كەتتىم،
ئايرىلىش ئويى يوقتى.

مەن كېتەرمەن باش ئېلىپ،
ئىككى قولۇمغا تاش ئېلىپ

يارىم ئۆزىتىپ قالدى،
قارا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
يول بويىغا ئىمارەت.
يارىم، مەن كېتەر بولدۇم،
خۇدايىمغا ئامانەت.

تاماكىنى ئەتىسلە،
ھەسەل قوشۇپ چەكىسلە.
قانداق چىدار بۇ يۈرەك،
بىزنى تاشلاپ كەتسلە؟ !

شايار يولى دولقۇنلۇق،
كۆچا يولى يۇلغۇنلۇق.
مەن سەپەرگە چىققاندا،
يار تۇتتى ماڭا يوللۇق.

كېتىپ بارىسەن، يارىم،
قاچان كېلىسەن، يارىم؟
سېنىڭ كەلمىكىڭ مۇشكۇل،
مەن بېرىپ كۆرەي، يارىم.

ئېگىز تامدىن سىيرىلدىم،
سىيرىلىشنى كىم بىلدى؟
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى؟

ئىككى كۆزۈڭ ئوخشايدۇ
خۇددى ئاچقان بۇلاقئا.
سەن مەرمەنىڭ دەردىدىن،
كېتەي دەيمەن يىراققا.

تاغدا يايلىغان ئاتلار
باغنى ئايلىنىپ كەتتى.
كىچىك ئويىنغان باللا
ئەمدى ئايرىلىپ كەتتى.

قاش - قاپىقىم تارتىدۇ،
قاي بالا بولدى بۇگۈن؟
خۇمار كۆزلۈك يارىمدىن
ئايرىلىپ قالدىم بۇگۈن.

مانتا پىشتى قاسقاندا،
بىللە يەيلى داسقاندا.
ئايرىۋەتتى خۇدايىم،
ئاشنالىق ياراشقاندا.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
باغدا قالغان ئەمەسمۇ؟
مەندىن ئايرىلىپ يارلار
داغدا قالغان ئەمەسمۇ؟

يار كەتتى يىراقلارغا،
ئەمدى مەن كۆرەلمەيمەن.

بوينىغا گىرە سېلىپ،
لېۋىگە سۆيەلمەيمەن.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
جانىجانىم، سەيدىگۈل،
شېخىدا بۇلبۇل سايرىدى،
جانىجانىم، سەيدىگۈل.

مېنى سەندىن شۇم پەلەك،
جانىجانىم، سەيدىگۈل،
رەھمى قىلماي ئايرىدى،
جانىجانىم، سەيدىگۈل.

بېغىمدا ئانارىم يوق،
جانىجانىم، سەيدىگۈل،
سۆيگۈنۇم، نىگارىم يوق،
جانىجانىم، سەيدىگۈل.

باراي دېسەم يول يىراق،
جانىجانىم، سەيدىگۈل،
تېنىمدە مادارىم يوق،
جانىجانىم، سەيدىگۈل.

ئۆشنەمدە ئۇزۇن چەكمەن،
جانىجانىم، سەيدىگۈل،
قولۇمدا يوغان كەتمەن،
جانىجانىم، سەيدىگۈل.

بارمىكىنە دۇنيادا،
جانىجانىم، سەيدىگۈل
مەندەك بىناۋا دەردمەن،
جانىجانىم، سەيدىگۈل.

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
يار، دەپ يىغلايمەن.
ماڭا بەرگەن ئامانەتنى
ئال، دەپ يىغلايمەن.

بىر دانە ئەردىم،
مىڭ دانە بولدۇم.
ئەقىل - ھوشۇمدىن
يېگانە بولدۇم.

يار - يار دەپ مەن،
سەرسانە بولدۇم.
ئىشقى ئوتىدا
ۋەيرانە بولدۇم.

يارىم كەتكۈدەك،
مەندىن يىراقتا.
مېنى قويغۇدەك،
ئوتتا، پىراقتا.

يارىم ئۆيىدە
يىغلاپ تۇرغۇدەك.

كۆندە مىڭ قېتىم،
جاندىن تويغۇدەك.

مەن بېرىپ يارغا
مەدەتكار بولاي.
يارنىڭ قولىدا
زۇلپىقار بولاي.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
نىگارىم ئۈينىغان باغدا.
ئەجەب كۆڭلۈم يايرايدۇ،
سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

ئۇيان ئۆتۈپ ئاھ دەيمەن،
بۇيان ئۆتۈپ ئاھ دەيمەن.
يارنى ئەسلەپ، كۆكسۈمنى
تۇتۇپ بىردىن «پاھ» دەيمەن.

ئۆستەڭ بويىدا نەمدە،
راۋاب چالىمەن غەمدە.
ئىزدىمەڭلار، سورىماڭلار،
مەن دەردى تولا بەندە.

دەردكە دەردمەن بولغۇدەك
بىر ئاداشىم يوق مېنىڭ.
سورىغۇدەك ھالىمنى،
قارا قاشىم يوق مېنىڭ.

ئوتمۇ بۇ، ئاتەشمۇ بۇ،
نەدىن تۇتاشقاندۇر ماڭا؟
مەندىكى ئوتنى ئېلىپ،
ئاللا ئۆزى سالسۇن ساڭا.

قوغۇنلۇققا كىرەيمۇ،
شېكەر كۆكچى ئۈزەيمۇ؟
ئەمدى قالمىدى تاقەت،
ئۈمىدىمنى ئۈزەيمۇ؟

گۈلمىدى ئېچىلغىلى،
غۇنچەمىدى قايرىلغىلى؟
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغىلى؟

يار مەندىن يامانلاپتۇ،
مەن كىمدىن يامانلايمەن؟
ئىچىم سىقىلىپ دەردتىن،
قىلچە دەم ئالالمايمەن.

يارنىڭ ئاغرىقى باركەن،
قولىدا ياغلىقى باركەن.
بەزىدە كېتەي دەيدۇ،
كەتمەي قالمىقى باركەن.

تەقدىر ئاللا ئاينى كۈندىن
يىراق ياراتقان.

ئىككىمىزنىڭ ئاراسىغا
يىراق ياراتقان.

مەيلى بارغا ئىگىمىز ـ ئىگىمىز
داۋان ياراتقان.
مەيلى يوقنىڭ مۇشكۇلىنى
ئاسان ياراتقان.

مەن ئەنجانغا بارمايمەن،
يولدا پۇتۇم ئاغرىيدۇ.
جىنىمغىنا يارىمغا
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ.

ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق،
سىنىڭ قىلغىنىڭ چاغلىق.
ماڭا تولا گەپ قىلما،
يار دەردىدە مەن ئاغرىق.

سەن ئۇياندا، مەن بۇياندا،
يىغلاپ ئۆتەرمىز.
بۇ پەلەكنىڭ كاجلىقىدىن
زارلاپ ئۆتەرمىز.

ساڭا سالغان، ماڭا سالغان
كۆيەكنى ئاللا.
كۆرسەتمىگەي بىر سىنىڭدىن
بۆلەكنى ئاللا.

ئايغا قاراپ، كۈنگە قاراپ،
ئويلاپ كېتىمەن.
كۆز ئالدىمغا كەلگىنىڭدە،
يىغلاپ كېتىمەن.

ئاغرىپ قالدىم ئۆلگىلى،
يارىم كەلدى كۆرگىلى.
تۇرغۇدەك مادارىم يوق،
يارغا تەزىم قىلغىلى.

يار مېنىڭدىن رەنجىمەس،
ئايدا بىر كەلگەندىكىن.
كۈندە بىر كەلسە ئىدى،
مەن كۆڭۈل بەرگەندىكىن.

يار يىراققا كەتكۈدەك،
مېنى تاشلاپ كەتكۈدەك.
ئارقىسىغا هەر قاراپ،
كۆزىنى ياشلاپ كەتكۈدەك.

ئاتۇشۇمغا بارغۇچە،
پۈرايدۇ بەشكېرەم باغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
كۆيەك ئوتىنىڭ داغى.

شايىدا شاپاق دوپپام،
شاپتۇل شاخىدا قالدى.

ئاز كۆن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

گۈل قىسىپ چىقار ئىدىم،
باغىمدا گۈلۈم بولسا.
ئېچىلىپ كۈلەر ئىدىم،
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا.

سۇ ئاقىدۇ تاش ئۈستىدە،
ئۆركەشلەيدۇ قاش ئۈستىدە.
سەن دوستۇمنى ئەسكە ئېلىپ،
يىغلىۋەتتىم ئاش ئۈستىدە.

مەن غېرىبنىڭ ھالىغا
يارىم قاچان يېتەرسەن؟
بەش – تۆت كۈن بەزلەپ قويۇپ،
ئاقسۇپاڭغا كېتەرسەن.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
كەتسەڭ قاچان كېلەرسەن؟

بىرگە كەتمەي قېپقالدىڭ،
جۇدالىقىم، ياخشى قال.
ھاياتىمنىڭ باھارى،
خۇمارلىقىم، ياخشى قال.

تولۇن ئايدەك چىرايىڭ،
زىبالىقىم، ياخشى قال.

كۆزى شۇنچە خۇماركۆز،
ئىپارلىقىم، ياخشى قال.

جۇدالىقتا دەرد چەككەن،
ۋاپالىقىم، ياخشى قال.
بۇ ئالەمدە يېگانە
تۇمارلىقىم، ياخشى قال.

ئەل ئاغزىدا تىل تېتىق،
بال - شېكەرىم، ياخشى قال.
يۈرەكىمنىڭ پارچىسى،
جانجىگەرىم، ياخشى قال.

دۈشمەنلىرىڭمۇ ئاڭلاپ،
بىگۇناھ ئۇردى سېنى.
سەن بۇندىن كېتەر بولساڭ،
قانداق قىلىسەن مېنى؟
بەرگەن ۋەدەڭدە تۇرۇپ،
كۆپەيتمىگىن يارىڭنى.

خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
يارىم بولسۇن سالامەت.
تىل تۇرغۇيۇم، جانىمنى
ساڭا قويدۇم ئامانەت.
سەنسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم،
ماڭا قىزىل قىيامەت.

دۈشمەنلەردىن قۇتۇلۇپ،
ئالۇر بولسام قولۇمغا.
كۆندە ئىشىككە چىقىپ،
قاراپ تۇردۇم يولۇڭغا.
سەن بۇندىن كېتەر بولساڭ،
كىم قالىدۇ ئورنۇڭغا؟

سېنى ئاندا، مېنى ماندا،
ئىنتىراز ئەتتى خۇدا.
بەندىسىگە سالمىسۇن گۈليار،
بۇنداق جۇدالىقنى خۇدا.

مەن يېگەنتىم كۆمەچنى،
سەنمۇ يەمسەن، ھەمراھىم؟
ئاھ ئۇرۇپ زار يىغلىسام،
ھېچ قوشمىدى خۇدايىم.
ئۆلۈپ كېتەر ئوخشايمەن،
ھاسىل بولماي مۇرادىم.

ئىزدەپ بېرىپ مەن يارىمنى تاپالماي،
سۇ قۇيۇپمۇ كۆيۈك ئوتنى باسالماي.
قايتار بولدۇم مەن يۇرتۇمغا ئارماندا،
باغرى تاشتىن بىر ئېغىز سۆز ئالالماي.

دەرياغا تورنى سالسام،
بىرەر بېلىق چۈشمەپتۇ.
غېرىب بولۇپ يىغلىسام،
يارىم ئەجەب بىلمەپتۇ.

چولپان بىلەن تەڭ تۇرۇپ،
بەلنى مەھكەم باغلايمەن.
مەن گۇلۇمنى كۆرەلمەي،
كېچە - كۇندۇز يىغلايمەن.
گۇلۇم، سېنىڭ ئىشقىڭدا،
يۈرەكىمنى داغلايمەن.

كېچىنى خىيال قىلىپ،
تاغلار چۈشتى باشىمغا.
ئىچىم تولغان دەردلىرىم،
چىقمايدىكەن تاشىمغا.
غېرىب بولدۇم، زار بولدۇم،
گۇلۇم، كەلمەي قاشىمغا.

ئوتلار كۆيەر ئىچىمدە،
دەردنى ئۆزۈم بىلۈرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.
ئامان بولسام ئەبەدكە،
گۇلۇم، سېنى كۈتەرمەن.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
تارىم ياقىسى توڭلاپ.
پۇتلىرىم ياغىر بولدى،
لوپنۇر كۆلىنى بويلاپ.
يۈرەكىمگە ئوت كەتتى،
يار، سېنى تولا ئويلاپ.

دۆڭگە چىقىپ قارىسام،
كۆرۈنمەيدۇ ئاياغ ـ باش.
مەن نوچىنى كۆيدۈرگەن،
تىل تۈرغىيىم قەلەم قاش.
ئوتقا سېلىپ قارىماي،
كۆزلىرىمدىن ئاقتى ياش.

توك سويمىنى تولا يەپ،
قاماپ قالدى چىشلىرىم.
مېنىڭ كۆڭلۈم توختىماي،
ئاۋۇمايدۇ ئىشلىرىم.
يالغۇزلۇقتا ئىش قىلىپ،
قىينالدى مېنىڭ جېنىم.

يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلدى،
يارىم سالغان شۇ ئوتتا.
يولغا چىقتىم مەن يالغۇز،
يالغۇزنىڭ يارى خۇدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
جان خۇدانىڭ قولىدا.

قىزىلگۈل قەلەم قاشىم،
دەريادەك ئاقار ياشىم.
ئۇسسىسام، لېۋى بىلەن
سۇ ئىچۈرگەن ئاداشىم.
شۇ پەلەكنىڭ چاقىدەك
چۆرگىلەر مېنىڭ باشىم؟

ئاقتى يېشىم كۆزۈمدىن،
گويا مۆلدۈر بۆلاقتەك.
غېرىب بولۇپ يۈرىمەن،
يەرگە كۆمگەن تۇزاقتەك.
ھېچ كىشى يوقلىمايدۇ،
تاشلىۋەتكەن ئۇلاغتەك.

قىزىلگۈلۈم، ئۈنچە قاپتۇ خاماندا،
كېلۈرمىز دەپ سەپەر سالدۇق ئارماندا.
بۇ ئالەمدە داۋا يوقمۇ كۆيۈككە،
داۋاسىنى سەن قىلارسەن بارغاندا.

مەن بېلىققا بارغاندا،
شامال كېلىپ توختىماي.
غېرىب بولۇپ يىغلىدىم،
قىزىلگۈلۈم ئۇخلىماي.

كېتەر بولدۇم، قالدى ئانام يۈرىكاشىم،
كۆرۈشەرمەن ئامان بولسا بۇ باشىم.
زۆھراخاننى ئۇناغاندەك تاھىر بەگ،
يارنى يادلاپ قۇرۇمادى كۆز ياشىم.

دەرەخلەر سارغىيىپتۇ،
كۆز بولغانغۇ ئوخشايدۇ.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشىم
ئەمدى قاچان توختايدۇ؟
غېرىبلىقمىنى بىلىپ،
يارىم كۈندە يوقلايدۇ.

بىر ئادەمنى ئەۋەتتىم،
قەغەز بىلەن قەلەمگە.
ئىچىڭلار ئاغرىمامدۇ،
ماڭا چۈشكەن ئەلەمگە؟
كۆيۈكنى خۇدا سالغان،
غېرىب بىلەن سەنەمگە.

مەن يۈرىمەن مۈڭلۈق مەلە ـ دۆڭلۈكتە،
نەگە كەتتىڭ، كۆڭلۈمدىكى مەلىكە؟
چاقماق كەبى ئوتتۇڭ چۈشتى تەنىمگە،
بۇلبۇل بولۇپ سايراپ چىقتىم ئىشىككە.

ئوتلۇق كۆزۈم پەقەت كىرپىك قاقمايدۇ،
توخۇ چىللاپ تاڭ نىمىشقا ئاتمايدۇ؟
نىمە ئانچە پەلەك شۇنچە بەرگويا،
ئەي پەرىشتەم، نىچۈك بىزنى قاتمايدۇ؟

تاڭ تۇمارى گۈزەل چولپان پارقىراپ،
كۆزلىرىمدە ياش قىيانى شارقىراپ.
تاھىر ـ زۆھرا تەركىدۇنيا ئۆتۈپتۇ،
بىزدەك ھىجران دەرياسىدا ھاسىراپ.

بالىسىنى قارا قاش
تەۋرىتىدۇ بۆشۈكتە.
ئەللەي ئېتىپ يىغلايدۇ،
ئۈنىڭ دەردى كۆيۈكتە.
تالاغا چىقالمايدۇ،
ئىت ياتىدۇ ئىشىكتە.

ئۆچاي دېسەم ئۆچالمايمەن،
قانات قالغان ئوخشايدۇ.
كېچىلىرى ياتالمايمەن،
يۈرەك تولا قاقشايدۇ.

يۇقىرى بېرىۋېدىم،
كۆرۈندى يارنىڭ باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ يىغلىۋېدىم،
سىيرىلدى سەرۋەنىڭ تاغلىرى.

يۇقىرى باراي دېسەم،
ئالدىمدا بىر توغرا داۋان.
قايرىلىپ ياناي دېسەم،
يارنىڭ ئوتى ئاندىن يامان.

يانا ئىللەتنى ماڭا
ساپتۇ خۇدايىم، نەقىلاي؟
تەقدىر - خۇداغا
مەن نېچۈك چارە قىلاي؟

سەن - سەن، مېنى سەن،
خارابى قىلدىڭ مېنى سەن.
كۆيدۈرۈپ ئوتلارغا سېلىپ،
كاۋاپى قىلدىڭ مېنى سەن.

سەن قاچان تۇڭلۇككە كەلدىڭ،
مەن قاچان ئۇن بەرمىدىم؟

مەن چىقالماي، سەن كىرەلمەي،
ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.

بارغانلاردىن، تۇرغانلاردىن
سېنى سورايمۇ؟
سېنىڭ ھالىڭ نەكەچتى دەپ،
ئۆزۈم بارايمۇ؟

بارغانىڭدىن، تۇرغانىڭدىن،
كەتكىنىڭ ياخشى.
يار دەردىنى تارتقانىڭدىن
ئۆلگىنىڭ ياخشى.

مېڭىپ - مېڭىپ كىردىم چۆلگە،
قولۇمنى سېلىپ.
ياخشى يارنىڭ يوقلۇقىدىن،
چىرايىم سېرىق.

خەقلەر مېنى يامان دەيدۇ،
مەن يامان ئەمەس.
كويغا سالسا خۇدا سالپتۇ،
مەن سالغان ئەمەس.

يىغلىما ھەسرەت چېكىپ،
تېخى جانىم تەندىدۇر.
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم ھەمىشە سەندىدۇر.

يار دەردىدە ھەيرانمەن،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.
يارىم ماڭا قارىمىسا،
بۇلۇڭ - پۇچقاقتا يىغلايمەن.

ھەدەپ ئىچتىم خام بوزاڭنى،
تۇتتى كۆكسۇمدىن.
زۇلۇم بىلەن ئايرىۋەتتى
خۇمار كۆزۇمدىن.

كېڭەش بىلەن ئىچمەپتىمەن
كۇچلۇك ھاراقنى.
تۇڭلۇك بىلەن چۇشەرمەن دەپ،
يېدىم تاياقنى.

يار، سېنىڭكى دەردىڭدۇر،
بىلمەيسەن، نېچۇك ھالدۇر؟
يارنىڭ دەردى مۇشكۇلدۇر،
چىرايىم سېرىق گۇلدۇر.

ئوينىغۇچنى يەرگە سالدىم،
كېچە چۇشتى خەمىكى.
بىزنىڭ يار يىراقتا كەتتى،
خېلى باردۇر كەلمىكى.

مەنمۇ يۇردۇم سېنى دەپ،
جامالىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

كويۈڭدا زارى ـ زار يىغلاپ،
ئەجەل يەتمەي ئۆلەرمەنمۇ؟

قانداق قىلاي، نېچۈك قىلاي،
كېتىپ بارسىلا؟
كۆيەر ئوتقا مېنى سېلىپ،
ئۇنتۇپ قالسىلا؟ !

بۇگۈن كېچە، سۈرۈن كېچە،
يىللار ئۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار،
قانغا ئۆرۈلدى.

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە.
كۆيۈپ تۇرغان ئوتنى سالدىڭ،
مېنىڭ ئىچىمگە.

كۆيە ـ كۆيە كۈل بولۇرمەن،
ياغلىقىڭغا تۇگ مېنى.
ھەر زامان يادىڭغا يەتسەم،
ئاچىپ ـ ئاچىپ كۆر مېنى.

ئېتىكىمگە قان تۆكۈلدى،
قان ئەمەس، ياشىم مېنىڭ.
دوست ـ دۈشمەن ئاراسىدا،
پاتمىغان باشىم مېنىڭ.

كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما،
كۆڭلى سەككىز يارىغا.
نېمىدەپ بەردىم كۆڭۈلنى،
ۋەدىسى يالغانىغا.

خۇمارىمما خۇمارىم،
خۇمارىمدىن ئايرىلدىم.
خۇمارىمنى دەپ بېرىپ،
شۇڭقارىمدىن ئايرىلدىم.

يېڭى ئايدەك كۆرۈنۈپ،
غايىب بولۇرنى بىلمىدىم.
ئالتە كۈن مېھمان بولۇپ،
تاشلاپ كېتەرنى بىلمىدىم.

دەردىنىمۇ دەردمەن بىلەر،
ئاغرىقنىمۇ تارتقان كىشى.
دەرد يۈرەكتە، كۆچ بىلەكتە،
غەمدە سارغايغان كىشى.

تەلۋىدۇر بېشىم مېنىڭ،
سىينەڭگە داغ قويغۇم كېلەر.
شۇنچە پەريادلار بىلەن،
جانغا پىچاق سالغۇم كېلەر.

دەردىم تولا، ئېيتايمۇ،
ھالىم تولا، ئېيتايمۇ؟

ئىچىمدىكى دەردىمنى
يارىم، ساڭا ئېيتايمۇ؟

ئىچىم توشتى دەردلەرگە،
قان يىغلايمەن سەھەرلەردە.
ئۇچقىلى قانات بەرسە،
تۇرمايمەن بۇ شەھەرلەردە.

بۇ مېنىڭ شۇم تەلىيىم،
تەلەي ئىچىدە بەختى يوق.
ھەرلا ئاتسام چۆچۈشىدۇ،
ئوڭ قولۇمدا نەخشە يوق.

ھاۋادىكى ئىككى قۇش
بىرى باغلاق، بىرى بوش.
ئاخشىمى ياتسام كۆڭلۈم خۇش،
ئەتىسى قوپسام قوينۇم بوش.

ئاتلارنى ھەيدەيدىكەن
سارغايغان يايلاقلاردا.
يار دەردى يامان ئىكەن،
چىقىپ كەتسە يىراقلارغا.

ئالماتۇ دېگەن شەنىڭ،
ئالمىسى تولا ئىكەن.
يۇرتۇڭدا غېرىب بولدۇم،
كەلمىسەم بولار ئىكەن.

نەگە بارسەن قاغا،
ئۆركەشتامدىكى يارغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
باغرىم قانمىدى يارغا.

ھاۋانى باستى تۇمان،
يارىم، سېنىڭ ئوتۇڭ يامان.
ئۆلۈمگە يوقتۇر ئىلاجە،
تىرىك ئايرىلغان يامان.

سەندىن تىرىك ئايرىلغىلى،
كىمنىڭ خىيالى بار ئىدى؟
ئايرىۋەتتى شۇ خۇدايىم،
نە گۇناھىم بار ئىدى؟

ئىشىك ئالدى تالىڭىز،
يىراقتا قاپتۇ يارىڭىز.
يارىڭىزنى كۆرگۈچە،
تىرناقچە قاپتۇ جانىڭىز.

سىز يارىم يۈرۈپ تۇرۇڭ،
مەن خۇدايىمغا باقاي.
خۇدايىم بۇيرۇغان كۈنى
مەيدەمنى مەيدەڭگە ياقاي.

قاغىلار قاتار ـ قاتار،
بىر بالا بولدىمكىن؟

ئۆزى ئاق، قېشى قارا،
مەندىن جۇدا بولدىمىكىن؟

كېچە ـ كۈندۈز خىيال ئەيلەپ،
كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدۇ.
مېنىڭ بىچارە ھالىمنى
يارەنلەر سورىمايدۇ.

مۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،
شۇم تەلەي بولارمەنمۇ؟
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
تاسقىلىپ قالۇرمەنمۇ؟

بىر بالاغا سالدىلا،
ئىككى بالاغا سالدىلا.
بوينى باغلاق بوز لاچىندەك،
ئىنتىزارغا سالدىلا.

ھاۋانىيۇ ھاۋانى،
يارىم كىيىپتۇ تاۋانى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
كۆيۈك ئوتىغا داۋانى.

گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
ئۆز ۋاقتىغا يەتكەندە.
قەدرىم ئۆتۈلۈپ كەتسۇن،
مەن يىراققا كەتكەندە.

يارىم ئېيتىدۇ ناخشا،
تىڭشاپ ياتىمەن ئۆيدە.
چىقاي دېسەم چارەم يوق،
يىغلاپ ياتىمەن ئۆيدە.

يول ياقىسى ئېگىز ئوردا،
ئەنسىرەپ ئۆتەلمەيمەن.
ئالۋان ـ ياساق دەستىدىن،
يار، سېنى كۆرەلمەيمەن.

ئاشارمەن دەشت بىلەن سەھرا،
كېزەرمەن تاغ بىلەن دەريا.
كېيىكلەرگە بولۇپ ھەمراھ،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

يارىمنىڭ سارايىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا يول بولسا.
ئادىل پادىشاھ بولسا،
سۆيگەن ياردىن ئايرىمىسا.

سىز يارىم، ئالدىرىماڭ،
بىر كۈنى پەرمان توشىدۇ.
خۇدايىم بۇيرۇغان كۈنى
سىزنى بىزگە قوشىدۇ.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
ئوينىسا، جان يايرىسا.

دوستلىرى خۇشال بولۇپ،
دۈشمەنلىرى قان يىغلىسا.

يارىمنىڭ يولى قاراڭغۇ،
ماڭالمىدىم يول تېپىپ.
سۆيەلمىدىم مەن يارنى،
مۇڭداشقىلى جاي تېپىپ.

يار ئۇچۇن ئۆلتۈرسىلە،
ئاۋۋال قولۇمنى باغلىتاي.
قالمىغاي ھەسرەت ئىچىمدە،
مەن يارىمنى چىللىتاي.

قوي ئۆلۈپ، قويلار ئۆلۈپ،
قوزىسى مەرەپ قالمىسۇن.
يار ئۆلۈپ، يارلار ئۆلۈپ،
ئاشىقى يىغلاپ قالمىسۇن.

يارىنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى
قىزىل دۇردۇن - تاۋادۇر.
شۇ يارىمدىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

يارىمنى كېلىپتۇ دەپ،
ھەجەڭگە سالدىم تالىغا.
دۈشمىنىمنى تۇيمىسۇن دەپ،
چىقمىدىم ئاشكارىغا.

تىكەنلىك جىگدىگە چىقسام،
يىرتىلدى چاپانلىرىم.
يارنى مەن ئىزلەپ يۈرۈپ،
تېشىلدى تاپانلىرىم.

يالغۇزۇم يالغۇز تېرەكنىڭ
يانىدا ئاي ياتىدۇ.
مىڭ تىكەننىڭ دەردىنى
بىر گۈل ئۈچۈن يار تارتىدۇ.

ناخشىنى ئېيتقان بىلەن،
ناخشىنىڭ قاراسى يوق.
يار يىراقتا كەتكىلى،
ئىچىمنىڭ تازاسى يوق.

ياخشىنى مەن تاپقۇچە،
ئايلىمدا بار چورۇق.
ياخشى يارنى سۆيگۈچە،
يۈزۈمگە چۈشتى قورۇق.

سارغىيىپتۇ، سارغىيىپتۇ،
شۇ چوكاننىڭ دەردى بار.
دەردى بولمىسا سارغىيامدۇ،
يىراقتا كەتكەن يارى بار.

قۇم سىيرىلدى قۇم تاغقا،
مەن سىيرىلدىم قۇم باغقا.

قانداق قىلىمىز، يارىم،
ئايرىلىپ كەتتۇق يىراققا.

قاشىڭنىڭ ئاراسىمۇ،
كۆزۈڭنىڭ قاراسىمۇ؟
مېنى يارغا قوشمىغان
خۇدانىڭ بالاسىمۇ؟

باغچە ـ باغچە گۈل تېرىپ،
بىر باغچە گۈل توشمىدى.
شول خۇدانىڭ تەقدىرى
بىزنى يارغا قوشمىدى.

يارىم بىلەن يۈرگەندە،
خويمۇ كۆردۈم دۆلەتنى.
ياردىن ئايرىلىپ قېلىپ،
تارتتىم مەن خىجالەتنى.

سەن تاشلاپ كەتكەن بىلەن،
ئۆلدۈممۇ مەن، كۆيدۈممۇ مەن.
سارغىيىپ ئۆڭمەس چىرايىم،
سەندىن ئايرىلغان بىلەن.

يارلار كېتىمىز دەيدۇ،
كېتەرىگە يول بولسۇن.
بىزنى يامان دەپ بارسا،
ئىككى كۆزى كور بولسۇن.

قىش كۈنى ئۇۋغا چىقىپ،
سوقسورنى كۆرگەن بارمىدۇ؟
ئۆز يارىدىن ئايرىلىپ،
شەرىگە يانغان بارمىدۇ؟

ماش رەڭ كۆڭلەك كىيىپسىز،
زەرى چىلتەكلەر تۇتۇپ.
سىز مېنى تاشلاپ كېتىپ،
قالدىمغۇ مەن زەھەر يۇتۇپ.

يارىم ئۆتتى يېنىمدىن،
كۆيدۈرۈپ ئۆتتى جانىمدىن.
زۇلۇم بىلەن ئايرىلدىم،
جاندىن ئەزىز يارىمدىن.

ئۈچ كۈن ئايرىلساڭ ئۆلەرسەن،
دېۋىدى يارىم ماڭا.
بەش كۈنمۇ ئايرىلىپ باقتىم،
چىقمىدى جانىم مانا.

باردىم يالاڭ ئاياغ بىلەن،
ئۇرۇپ سالدى تاياق بىلەن.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارنى
ئايرىۋەتتى سولاق بىلەن.

ماڭىسەن بىر - بىر بېسىپ،
دەريا سۇيىدەك يېرىلىپ.

باغرىڭ سىنىڭ تاش ئىكەن،
بىر باقمىدىڭ قايرىلىپ.

شاپتۇل تاللاپ يەيمەن دەپ،
باغقا كىردىم شورىدىن.
قەلەم قاشتىن ئايرىلدىم،
ئۆگەي ئانا زورىدىن.

ئاتىلاردىن ئايرىلدۇق،
ئانىلاردىن ئايرىلدۇق.
قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك
سۆيگەن ياردىن ئايرىلدۇق.

سايدا ئاپتاپلار چىقىپ،
گۈل ئېچىلۇرنى بىلمىدىم.
غۇنچە بويلۇق يار تۇتۇپ،
ئايرىلىپ كېتەرنى بىلمىدىم.

ساناققا سەككىز ئاي بولدى،
جۇدا بولدۇم شۇ يارىمدىن.
يۈرىكىم قان بولۇپ ئاقتى،
سىنىڭ دەردۇپىراقىڭدىن.

ۋەسساما ۋەتتارىخى،
بولۇپتىمەن تەن ئاغرىقى.
ھەممە ئاغرىق بىر سىرى،
يامان ئىكەن يار ئاغرىقى.

ئات مىنىپ، كىمخاب كىيىپ،
يارىم مېنى كۈيدۈرگۈدەك.
يۇقىرى - تۆۋەن بېرىپ،
قىيناپ يۈرۈپ ئۆلتۈرگۈدەك.

ھالىمىز خاراب بولدى،
جىگەرلەر كاۋاپ بولدى.
بۇ جانىمنى سەن ئالدىڭ،
ئەزرائىل سەۋەب بولدى.

ئەل مېنى يامان دەيدۇ،
مېنىلا كۆرەمدىكىن؟
تاشلاپ كەتسەم شەرىنى
كۆڭلى خۇش بولامدىكىن؟

سەھەرنىڭ سالقىنى يارىم،
سۇبھى سادىققا تاپشۇردۇم.
سەن مېنى ياد قىلمىساڭ،
كالامۇللاغا تاپشۇردۇم.

قۇم سىيرىلدى قۇم تاغقا،
بىز باغلاندۇق بۇ باغقا.
شول خۇدانىڭ تەقدىرى،
ئايرىۋەتتى يىراققا.

ھايت دېسەم يەتمەس ئۈنۈم،
تاغلارنى تۇتتى تۇمان.

يىغلاي دېسەم دۈشمەن تولا،
توشتى ئىچىمگە دەرد ـ پىغان.

غېرىب ئاۋارىدۇر كۆڭلۈم،
ماڭا تېپتىنچ ماكان بولماس.
غېرىبلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە يامان بولماس.

ئۇرۇمچىگە ماڭغاندا،
نوم داۋاندا قار ئىدى.
بۇ كۇنلەرنى كۆرگۈچە،
خۇدايىم جاننى ئالسىدى.

مەن بۇ يەردىن كېتەرمەن،
مەنزىلىمگە يېتەرمەن.
مەنزىلىمگە يەتكەندە،
يارنى ئېلىپ كېتەرمەن.

قۇمۇلۇمغا كېتىمەن،
تاغلىرىڭ قالسۇن ساڭا.
دۆلىتىڭنى تولا كۆردۈم،
رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا.

سەن كېتەرىڭگە كېتەرسەن،
يادىكار بەرگىن ماڭا.
يادىكارىم شول ئەمەسمۇ،
ياخشى خۇيلارىم ساڭا.

كېتەرىڭنى بىلگەن بولسام،
ئۇزاتماسمىدىم؟
جۇمە مەسچىت، تاختا كۆۋرۈك
سالدۇرماسمىدىم؟

يارىم سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ،
مىنگەنى دۇلدۇل.
قاچارلارى قىزىل ئالما،
ساچلارى سۇمبۇل.

ئاي يۇزلۇك، تالى بويلۇق،
يىراققا كەتسەڭ نە قىلاي؟
ساڭا ئۆگەنگەن كۆڭۈلنى
ئەمدى كىمگە خار قىلاي؟

يارىم كېتىمەن دەيدۇ،
چىن كۆڭلى ئۇنىڭ مەندە.
ئايرىلغىلى بولمايدۇ،
قول تۇتۇپ قىلغان ۋەدە.

باغدىكى سېرىق قۇشقاچ،
ئاسمان ئارىلاپ ئېگىز ئۇچ.
تامام بولدى سۆزلىرىم،
ئامان بولۇڭ، خەير ـ خوش.

جاڭگاللىقتا قوي بېقىپ،
يۇلغۇن تۈۋىدە ياتتىم.

ئوتىڭىزغا پايلىماي،
يۈرتۈمدىن چىقىپ كەتتىم.

كەتسىلە كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلاپ يىپشىمنى سۈرتەي،
ھەمراھ بولۇپ قالسۇن ماڭا.

گۈلنىڭ تۈۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ مەستانە بولدۇم مەن.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
ئەجەب دىۋانە بولدۇم مەن.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالمىنى ئۈزمەڭ، خېنىم.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
ئاغرىدى نازۇك دىلىم.

ئۇنتۇپمۇ قالارسىز،
ئۇنتۇمايمۇ قالارسىز.
ئوينىغاننى، كۈلگەننى
ياد ئېتىپمۇ قالارسىز.

سەنمۇ كەتتىڭ باغلارغا،
مەنمۇ كەتتىم تاغلارغا.
تەقدىرىمىز ئوڭ بولغاي،
سېغىنايلى ئاللاغا.

خەسە كۆڭلەك بار ئىدى،
كىيەي دېسەم تار ئىدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
سىزگە كۆڭلۈم بار ئىدى.

كېچىمۇ كېچە بولدى،
كۈندۈزمۇ كېچە بولدى.
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
تاڭ ئاتماس كېچە بولدى.

مەن خوتەنگە يول سالدىم،
دەشتى - دەشتى قۇم ساناپ.
ئامرىقىم يىغلاپ قالدى،
ئاي بىلەن كۈننى ساناپ.

كىشى بىلمەس ھالىمنى،
تاپالمىدىم يارىمنى.
ئوت ئازابى بەك يامان،
قانداق قىلاي جانىمنى.

يېڭى ئەتكەن ئۆيۈمنى،
يۇلغۇن بىلەن قورشايمەن.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن.

قاشلىقنى ئەتمەڭ، يارىم،
ئوچاقتىكى كۆمەدە.

ئايرىلدۇق قەلەم قاشتىن،
ئازنا كۈنى جۈمەدە.

ئىشىك ئالدىڭغا قارىسام،
يارىم سالغان ئىمارەت.
يار ئەمدى كېتەر بوپتۇ،
خوش، خۇداغا ئامانەت.

باغدا بۇلبۇلۇم قالدى،
ئاچىلغان گۈلۈم قالدى.
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
ئوينىغۇالغىنىم قالدى.

ناسىۋالنى ئەتسىلە،
قولغا ئېلىپ چەكسىلە.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
ئۆز ياردىن كەچسىلە؟

يارىم كەتتى يىراقلاپ،
غەزەل ئوقۇپ تولۇلاپ.
يارىم كېتىپ مەن قالدىم،
يۈرىكىمنى ئۇۋۇلاپ.

قىزىلگۈلنى كىم كەستى،
كەسكەن بىلەن قۇرۇماس.
ئەقلى بولسا شۇ يارنىڭ،
كەتكەن بىلەن ئۇنتۇماس.

كۆزدە چۈشكەن غازاڭنى
شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى.
يار بىلەن كۆرۈشمەيلا،
يىراققا كۆچۈپ كەتتى.

باغىڭدىكى تېرەكنى
شامال قايرىۋەتكەندۇ.
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
دۈشمەن ئايرىۋەتكەندۇ.

هويلاڭدىكى تاغ تېرەك
چوپچوك بولدى، لىم بولدى.
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
كۆز تەگدىمۇ، نېم بولدى؟

ئوتنى ياقتىم چىراغقا،
كۆيمەيدىكەن پىلىكى.
بىزنى تاشلاپ كەتكىلى
چىدايدىكەن يۈرىكى.

تاللىق كوچىدەك يارىم،
قۇيغان ئۆپكىدەك يارىم.
مەن قانداق قىلاي ئەمدى،
تاشلاپ كەتكۈدەك يارىم.

ئىگىز ـ ئىگىز تېرەكنىڭ
نوتىلىرى تۆكۈلدى.

يارىم، سەندىن ئايرىلىپ،
ئەجەب قەدرىڭ ئۆتتۇلدى.

ئېتىم تىزگىن سىيرىيدۇ،
داۋانغا قايرىلغىلى.
بىر ئايغا قەدەم قويدى،
مەن ياردىن ئايرىلغىلى.

قولۇڭدا كۆتۈرگىنىڭ
مىس ئاياقمۇ، لېگەنمۇ؟
ئاخىرى جۇدالىقتا
ئايرىلارمىز دېگەنمۇ؟

ئىشىك ئالدىڭ چىناردۇر،
ئات باغلىسام تۇرمايدۇ.
ئادەم دېگەن تاقەتلىك،
دەرد ـ ئاغرىققا ئۆلمەيدۇ.

ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
ئوت قالىشىم ساماندا.
سامان كۆيۈپ كۈل بولدى،
مەنمۇ قالدىم ئارماندا.

باغدا بۇغداي تېرىسام،
بەلگە چىقتى، ئاينىدى.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
دۈشمەن كېلىپ ئايرىدى.

جۈپتەكمىدۇق تاقلاغىلى،
قوناقمىدۇق ئاقلاغىلى؟
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تۈرۈپ ئايرىلغىلى؟

ئۇچامدىكى چاپاننىڭ
يانچۇقلىرىنى قايرىما.
ئەي خۇدايىم، بەندەڭنى
ئۆز ياردىن ئايرىما.

تاش ئۈستىگە تاش ئاتسام،
چاچراپ كېتىمەن دەيدۇ.
بىر خېنىمغا دوست بولسام،
تاشلاپ كېتىمەن دەيدۇ.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسىدىن
ئوت تۇتاشقايلا ماڭا.
باشقىغا بەردىڭ كۆڭۈل،
بەرمىدىڭ، يارىم، ماڭا.

ئاھ خۇدا ـ پەرۋەردىگارا،
قىلما بەندەڭنى جۇدا.
ماڭا سالغان بەندىلىكنى
يۇرتقا سالساڭچۇ، خۇدا.

يالغۇزۇم، يالغۇز دەرەخنىڭ
تۈۋىدە ياتالمۇ؟

بىزنى مۇنچە كۆيدۈرۈپ،
يار دەردىنى تارتالىمۇ؟

سىم - سىم ئارىلاپ،
سىم - سىم ئارىلاپ،
دەريانى بويلاپ.
بولۇپ قالدىم گۇناھكار،
يار بىلەن ئويناپ.

ئالتە سايدىن سۇ كەلدى،
يامغۇر يېغىپ ئۆتكەنگە.
ئۆلۈپ كەتسەك كېتەرمىز،
سىز بۇ يەردىن كەتكەنگە.

تولا كۆيدۈرمەڭ مېنى،
كۆيگەنلىرىم نۇقسان قىلۇر.
مەن خۇداغا تولا يىغلاپ،
يەر بىلەن يەكسان قىلۇر.

سەنبەر گۇلۇم خار قىلدى مېنى،
چىقتىم ھاۋاغا.
ھاۋادا ئولتۇرۇپ،
يىغلاي خۇداغا.

خۇداغا يىغلىسام،
ئاھىم يېتەرمۇ؟
ساماندەك سارغىيىپ،
باشىم كېتەرمۇ؟

يارىمنىڭ قارا قويى
ئوتلايدۇ ئېتىزلىقتا.
يارىم كېتىپ، مەن قالدىم،
بۇ يۇرتتا غېرىبلىقتا.

كېۋەزلىك باراڭ، يارىم،
قوناقلىق غازاڭ، يارىم.
بىرنى كۆرۈپ بىردىن كەچكەن،
ئەقلى يوق ساراڭ يارىم.

تاماكا تۇگۇپ قويدۇم،
راسا ئوتلاپ چەكسىلە.
ئېيتسىلا، چىدالامىلا،
بىزنى تاشلاپ كەتسىلە؟

مەن توقايغا يول سالدىم،
قۇم بىلەن دۆڭنى ساناپ.
يارىم كەتتى، مەن قالدىم،
كۈن بىلەن ئايغا قاراپ.

تاغ باغرىدا چۆرگۈلدۈم،
يار باغرىدا چۆرگۈلدۈم.
قاچان كېلىسەن، يارىم،
بىر يىل بولدى، كۆرمىدىم.

دۇتار چالغان قولىڭىز،
ئەجەبمۇ ئاپئاق ئىكەن.

ئۆيگىزنى سورىسام،
ئەجەبمۇ يىراق ئىكەن.

شايىدا تامبال كىيىپ،
نېمىدە باغ ئەتتىڭىز؟
سىز ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە،
نېمىدەپ يار ئەتتىڭىز؟

چۇشۇمگە كىرىپ قاپسىز،
ئۆتكەن كېچىدە ـ تاڭدا.
بىز ئىككىمىز يېتىپتۇق،
گۇلنىڭ تۇۋىدە چاڭدا.

ئاسماندىكى ئاي قالدى،
يېڭى تۇتقان يار قالدى.
كۆزلىرىمنىڭ نۇرىنى
خوتەندىكى يار ئالدى.

شايىدا شاپاق دوپپا،
شاپتۇل شاخىدا قالدى.
قىزىلگۇل غۇنچىسى يارىم،
خوتەن شەھىرىدە قالدى.

خىش پىشۇرغان خۇمدانمۇ،
نان پىشۇرغان خۇمدانمۇ؟
سىز خوتەندە، بىز بۇ تاغدا،
يىغلاپ يۈرسەك ئوبدانمۇ؟

مەن يايلاقتا چىققاندا،
ئاق داۋاندىن قايرىلغان.
بولتۇر تۇتقان يار بىلەن،
ئاي ئاتلىماي ئايرىلغان.

بوينۇڭدىكى تۇمارىڭ
يارىشىملىق تۇراركەن.
بايا بۇنداق ئايرىلماي،
ئوينىساقمۇ بولاركەن.

ئۇ ئېتىزمۇ قوناقكەن،
بۇ ئېتىزمۇ قوناقكەن.
ئايرىلغانغا يىغلىماڭ،
تەقدىرىمىز شۇنداقكەن.

دەريا ئىچى تاش ئىكەن،
ئىككى يېقى قاش ئىكەن.
بىزنى بۇنداق ئايرىغان،
تەقدىر باغرى تاش ئىكەن.

سۆزلىرىڭ قۇلاقىمدا،
تىنىقىڭ دىماغىمدا.
ئايرىلىپ ساراڭ بولدۇم،
يار، سېنىڭ پىراقىڭدا.

قوغۇنىنىڭ پېلىكىدىن
تاۋۇز تاپىمەن، يارىم.

ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتىمەن، يارىم.

ئاي دېسەم ئاسماندا يوق،
يۇلتۇز دېسەم كۈندۈزدە يوق.
گۈل دېسەم توزۇپ كېتەر،
يار دېسەم يانىمدا يوق.

خەقلەر سەۋر قىل دەيدۇ،
مېنىڭ ھالىمنى بىلمەيدۇ.
ئەگەر ھالىمنى ئېيتسام،
دەرد تارتقانلار يىغلايدۇ.

قىزىلگۈل ئېچىلغۇچە،
غۇنچىسىنى قىسىپ تۇرۇڭ.
ئايرىلغىلى كۆپ بولدى،
رەنجىمەي كۈتۈپ تۇرۇڭ.

چىغنى چىغقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك.
ياردىن ئايرىلسا كىشى،
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك.

تام تۈۋىدە ئولتۇرسام،
تام باستى مېنى.
سەن يارىمنى ئويلىسام،
غەم باستى مېنى.

ئۈچالمىدى قارچىغا،
قاناتلىرى قايرىلىپ.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
بىر ياخشىدىن ئايرىلىپ؟

كۆزدە چۈشكەن غازاڭنى
شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى.
يارىم مەندىن يامانلاپ،
يىراققا كۆچۈپ كەتتى.

چىنىنى سۇنۇق دەيدۇ،
مېنىڭ كۆڭلۈم بەك سۇنۇق.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
كۈندۈزمۇ قاراڭغۇلۇق.

يارىم ئالما ئاتقانتى،
تېگىپ كەتتى بېشىمغا.
يار دەردىدە مەن ئاغرىق،
بىر كەلمىدى قېشىمغا.

مەن ئېتىمنى سالمايمەن،
تېرىمىنىڭ يولى قۇملۇق.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
ماڭا بولمىدى خۇشلۇق.

قاشىنىڭ قارىسى قۇندۇز،
ئاينىڭ يېنىدا يۇلتۇز.

سەن يارىڭ بىلەن ياتساڭ،
ئۆزۈم ياتىمەن يالغۇز.

بۈگۈن ئايدىڭ بەك بولدى،
ئايغا ئوخشىتاي يارنى.
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
قانداق توگىتەي داغنى؟ !

قىزىلگۈلنى گۈلۈم دەپ،
رەيھانگۈلدىن ئايرىلدىم.
بىۋاپانى يارىم دەپ،
ۋاپاداردىن ئايرىلدىم.

كۆزۈڭ ئوخشار بۇلاققا،
قاشىڭ ئوخشار قىياققا.
مېنى تاشلاپ سەن كەتتىڭ،
بارسا كەلمەس يىراققا.

سېنى ئۇندا ياراتىپتۇ،
مېنى مۇندا ياراتىپتۇ.
ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا،
ئاقار دەريا ياراتىپتۇ.

سېنى دەپ كەلسەم بۇ يەرگە،
كەلگىنىم پۇشايمان ماڭا.
ئالتە تال قارا چېچىمنىڭ
ھەممىسى دۈشمەن ماڭا.

بارسىلا بىللە بارايلى،
ئايرىلىپ قالغان يامان.
ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ،
يولدا يالغۇزلۇق يامان.

كەتسەڭ كېتىۋەر، يارىم،
سېنىڭدىن نېمە پەرۋايىم؟
شول باشىم ئامان بولسا،
ھەر جايدا مېنىڭ يارىم.

قارىغاي بولۇر تاغدا،
گۈللەر ئېچىلۇر باغدا.
دوستلىرىم دۈشمەن بولدى،
ئايرىلدۇق يامان چاغدا.

كەتمەكنى خىيال ئەيلەپ،
باغلار ئارا يول سالدۇق.
ئويۇننى تولا ئويناپ،
يۈرەكلەرگە داغ سالدۇق.

نەگە بارىسەن، يارىم،
قىلغان ئىشىڭنى تاشلاپ؟
ساڭا پايدىسى نېمە،
قارا كۆزۈمنى ياشلاپ؟

باشىدا يوغان ياغلىق،
قاشى بىلەن كۆزىدە.

بۇ زاماننىڭ قىزلىرى،
چىڭ تۇرمايدۇ سۆزىدە.

تام سۇۋاشقا ھاندۇغا،
ئۇسسۇل ئويناشقا ياندۇغا.
مېنى ياردىن ئايرىغان
مەرشەپ بىلەن سەت دورغا.

بېغىمدىكى قۇشقاچنى
لاچىن ئارىلاپ سوقتى.
ياردىن ئايرىلىپ كەتتىم،
ئايرىلىش ئويى يوقتى.

ئاق تاغدىن شىۋاق تەردىم،
كۆك سايدىن تېپىلمىدى.
ياردىن ئايرىلىپ باقسام،
ئېغىزى يېپىلمىدى.

يار بۇ يەردىن كېتىپتۇ،
مېنىڭ بۇندا تۇرغۇم يوق.
كۇندۇزى خۇشال يۇرسەم،
كېچىلىرى ئۇيقۇم يوق.



# ئاغرىش-نەپرەتلىنىش قوشاقلىرى

يۇرتىمىزنى ئايلىنىپ،
سانىۋېلىڭ خۇمداننى.
مېنى يامان دېسىڭىز،
تېپىۋېلىڭ ئوبداننى.

ھۆل ئوتۇنغا ئوتنى ياقسام،
چاراسلايدۇ، كۆيمەيدۇ.
يارىمىنىڭ ۋاپاسى يوق،
كۈلگەن بىلەن سۆيمەيدۇ.

ئېرىقىڭنى ئوي ئويما،
قېشىغا سۆگەت قويما.
مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس،
خىلىڭنى تېپىپ ئوينا.

ئىشىك ئالدى ئېرىقمىدى،
چوڭ ئېتىز تېرىقمىدى؟
ئىككىمىز كۆيۈشمەستە،
چىرايىم سېرىقمىدى؟

ئورماڭ بولسا ئورغاق سال،
ساچىڭ بولسا تارغاق سال.
ئەقلىڭ بولسا ئەگەردە،
كەل، گېپىمگە قۇلاق سال.

قارا قوينىڭ تېرىسىنى
تۇماقچىلار ئاشلايدۇ.
ۋىجدانسىزغا ئالدانماڭ،
ئوينىۋېلىپ تاشلايدۇ.

شامال چىقتى، يائاللا،
بوران چىقتى، يائاللا.
يىڭنىياچە يار تۇتسام،
ساراڭ چىقتى، يائاللا.

چېچىمنى تولا دەيدۇ،
دەردىم تولا چېچىمدىن.
سەن قىلغان ۋاپاسىزلىق
زادى چىقماس ئېسىمدىن.

دەرياغا سۇ كۆپ كېلىپ،
بۇ يىل يەنە تاشقۇدەك.
باشقىلاردىن ئاڭلىسام،
يارنىڭ كۆڭلى باشقىدەك.

بىزنىڭ مەلە قومۇشلۇق،
سەن ماڭغاندا يول بولدى.

مېنىڭ بۇ نادان كۆڭلۈم،
قاراپ قويساڭ گول بولدى.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بىر غۇلاچ يىپى بىلەن.
كۆڭلۈمگە پىچاق ئۇردى،
يار سوغۇق گېپى بىلەن.

چىغىر يولدا ماڭماڭلار،
چىغىر يولدا بۆرە بار.
بىۋاپاغا كۆيمەڭلار،
يانچۇقىدا دورا بار.

بېشىمنى قويۇپ ياتسام
يارىمنىڭ بىلىكىگە.
ئۆچمەس ئىز سېلىپ قويدۇم
يارىمنىڭ يۈرىكىگە.

بىۋاپانىڭ كوچىسىغا
كىرمىگەنلەر بارمىكىن؟
دەرد – پىراقتىن بىر زوقۇم
يېمىگەنلەر بارمىكىن؟

ئالما دەپ سۇندۇم قولۇمنى،
تال ئىكەننى بىلمىدىم.
چېچىدا چاچ باغى تۇرسا،
تاز ئىكەننى بىلمىدىم.

بۇ پەلەكنىڭ كاجلىقىدىن،
يارمۇ باقمايدۇ ماڭا.
بىر بېشىمغا چۈشتى مىڭ غەم،
تاڭمۇ ئاتمايدۇ ماڭا.

زىبىخان، ھەيدە قويۇڭنى، باقمەن،
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقمەن.
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقمىسام،
لەۋلىرىڭدە پىستە ـ بادام چاقمەن.

زىبىخاننىڭ بېغى بار، باغۋەنى يوق،
زىبىخاننىڭ دەردى بار، دەرمانى يوق.
زىبىخاننىڭ كۆڭلىدە بىر يارى بار،
ئاشۇ يارنى تاپسا ھېچ ئارمانى يوق.

ئەي خۇدا نېمىشقا ياراتتىڭ مېنى،
خار قىلىپ بىۋاپاغا قاراتتىڭ مېنى؟
مەن ئۇچۇن بۇ كەڭ جاھاننى تار قىلىپ،
بۇلبۇل قىلىپ سەھەردە سايراتتىڭ مېنى.

ئاتۇشنىڭ يولى راۋان،
توشۇيدۇ ئوتۇن، سامان.
نادان باللا بىلمەيدۇ،
ھەممىدىن كۆيۈك يامان.

بۇ ئىشقا نىمە دەيمەن،
يارىمنىڭ گېپى ئۆزگە.

قانداق قىلىمەن ئەمدى،
ئارىدىكى گەپ - سۆزگە؟

ئاتۇشنىڭ بازارىغا
ئالتە تاغار قاق كىردى.
مۇرادىمغا يەتكۈچە،
باشلىرىمغا ئاق كىردى.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
يۈرەكنى تانا، دەمسەن؟
گەپ قىلسام ئۇنىمايسەن،
ئۆزۈڭنى مازار، دەمسەن؟

ئايدىڭ بەرمىگەن ئايدىن
سۇنىڭ شولىسى ياخشى.
ۋاپا قىلمىغان ياردىن
يالغۇز يۈرگىنىم ياخشى.

ۋاپا قىلار دەپتىمەن،
جاپا قىلارنى كىم بىلدى.
ئاخىرى جۇدالىقتا،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى.

يارنىڭ ھەيران بېغىدا،
ساقلىغان كەپتەرى بار.
كۆڭلىنى ئەلگە بېرىپ،
بىزگە ياخشى گەپلەرى بار.

ئىچىڭ بەكمۇ تار ئىكەن،
دەريامىكىن، دەپتىمەن.
ئۇزۇن - ئۇزۇن يول بېسىپ،
بىر سېنى دەپ كەپتىمەن.
ھاۋارەڭ تونىنى كىيىپ
ئۇچۇپسەن، بىلمەپتىمەن.

ئۇچساڭ ئۇچۇۋەر، يارىم،
قاناتلىرىڭ تالمىسۇن.
ئۇينىۋالغىن ئازادە،
ئارمانلىرىڭ قالمىسۇن.
دەردنى تارتسام مەن تارتاي،
يارىم دەردنى تارتمىسۇن.

كىيىم كىيسەڭ تال بويۇڭغا ياراشىپ،
پۇلى بارلار ئېلىپ كەتتى تالاشىپ.
قىزىلگۈلۈم، سەن ماڭا ئىزا قىلدىڭ،
يىغلاپ قالدىم مەن ئامالسىز قاراشىپ.

قۇشلار كېتىپ گۈل ئىچىدە سايرىدى،
مەردان يىگىت ھەممە گەپنى ئاڭلىدى.
تاڭ سەھەردە مەن يەنە يوقلاپ كەلسەم،
بىلمەس بولۇپ مېھرىبانىم تىللىدى.

قىزىلگۈلۈم، ئاداشقىنى بىلىۋالدىم،
سۆزلىشىۋال، كۆزۈمنى ئېتىۋالدىم.

گەپمۇ قىلماي ئۈچ ـ تۆت كۈن يۈرگەنىڭگە،
ئاغرىق بولۇپ ئۆيۈمدە يېتىۋالدىم.

ئاخشام دېگەن گەپلىرىڭ
تەگدى مېنىڭ يارامغا.
بىر كۆرمەكنىڭ ھەسرىتى
قويدى يۈز مىڭ بالاغا.

تۈن ـ كېچە چۈشۈپ كەتتىم
مەلەڭدىكى خەندەككە.
نېمە داۋا بولاركىن،
يۈرەكتىكى بۇ دەردكە.
كېچە ئۈيقۇم كەلمەي،
ئاخشام ئېيتقان شۇ گەپكە.

خامىنىڭغا بار، دەيسەن،
گۈرجەك بىلەن ئارالىڭ يوق.
ئىشىكىمگە كەل، دەيسەن،
مېنىڭ دەردىمگە چارەڭ يوق.

بېغىڭغا كىرىپ، يارىم،
ئانار ئىرغىتاي دەيمەن.
كۆز ئالدىڭدا يار تۇتۇپ،
سېنى يىغلىتاي دەيمەن.

ئاتىنىڭ ئاتلىقى باردۇر،
ناۋاتىنىڭ تاتلىقى باردۇر.

سەن ئۆزۈڭنى داڭلايسەن،
سېنىڭدىن ئارتۇقى باردۇر.

تېرىق ئالدىم تۇلۇمغا،
بېلىق ئالدىم قولۇمغا.
چوكاننى تولا ئېلىپ،
زىيان سالدىم پۇلۇمغا.

ساماۋارنىڭ بولسىدى،
چايلىرى قايناپ تۇرسىدى.
بىر پىيالە ئىچكۈچە،
يارىم ئويناپ تۇرسىدى.

خۇدايىم بۇيرۇسا بىر كۈن
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆرەلمىگەن دۈشمەننىڭ
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

ئوخشايدىكەن يارىمغا
قىزىلگۈلنىڭ چېچىكى.
مۇرادىغا يەتمەسمۇ،
ئىككى ئاشىق تىلىكى.

دەرۋازىڭىز بولغان بىلەن،
ئۆيىڭىزنىڭ تېمى پەس.
ۋەدىڭىز بولغان بىلەن،
كۆڭلىڭىز بىزدە ئەمەس.

قىزىل تاۋار كىيىپسىز،
كۆك تاۋارنى كىيگەنمۇ؟
كۆڭلۈم سىزدە، دەپ قويۇپ،
باشقا يارنى سۆيگەنمۇ؟

بىزنىڭ يارنىڭ قولىدا
ھاۋارەڭ پەرەڭ ياغلىق.
مېنى يامان دەپ بېرىپ،
تۇتقان يارلىرى چاغلىق.

ئېگىز تاغنىڭ سۇلىرى
قىردىن ئاشقۇچە ئەمەس.
تاللاپ سۆيگەن يارىڭىز،
بىزدىن ئاشقۇچە ئەمەس.

قولۇمدىكى تاياقنىڭ
بىر ئۇچىنى سەن تۇتقىن.
ئەگەر مېنى يامان دېسەڭ،
مەندىن باشقا يار تۇتقىن.

ئاسماندىكى چولپاندەك
شولا بەرمىگەن يارىم.
ئاغزىدا كۇلۇپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

كۆيمەيدۇ دەمسەن مېنى،
كۇل بولۇشنىڭ ئورنى يوق.

كۆيۈۋاتقان شۇ يۈرەككە
سۇ سېپىشنىڭ ئورنى يوق.

ئارقىدىكى كاۋىنى
ئېلىپ قويدۇم باراڭغا.
ئەگەشمەيمەن، پەندىيات،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭغا.

غەزەل بىلەن كوچىدىن
ئۆتۈپ كەتتى ياش باللار.
خەۋەر ئالاي دېمەيدۇ،
باغرى قاتتىق تاش باللار.

بېغىڭدىكى چۆنەكنى
ئۆزۈڭ يالغۇز ئويغانمۇ؟
بۇ دۇنيادا ياش دىلىم
يارنى سۆيۈپ تويغانمۇ؟

پۇلۇم تۈگىمەس چاغدا،
مېنى سۆيدۈڭ، يار قىلدىڭ.
يانچۇقۇمدا پۇل يوق چاغدا،
ئەجەبقىنا خار قىلدىڭ.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ تولۇپ ئاقسۇن.
يارغا يار كېرەك بولسا،
ئۇمۇ بىر كېلىپ باقسۇن.

ئەتىگەندە ئويغانسام،
چاي قايناپدۇ چەينەكتە.
كۆرۈپ باقسۇن ئۆزىنى،
ھالى چوڭ يار ئەينەكتە.

بىللە يۈرگۈم بار دەمسەن،
بۇنى ھېچكىم بىلگەن يوق.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
مەندەك داغدا قالغان يوق.

دۇتارىڭنى چالساڭچۇ،
يېڭى چىققان پەدىگە.
ۋاپا قىلار دەپتىمەن،
قارا يۈزنى ۋەدىگە.

بەلۋاغ باغلىغان نوچى،
باغلىق سۆرىلىپ قالدى.
ئۆزىنى داڭلىغان پوچى
ياردىن ئايرىلىپ قالدى.

كوچا يولى يول بولسۇن،
يانتاقلىرى گۈل بولسۇن.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
ئىككى كۆزۈڭ كور بولسۇن.

مېنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ
چېچىدا ئۇلاقى يوق.

باشقىلارنىڭ گېپىنى
ئاڭلاشقا قۇلاقى يوق.

ئالمىلىق باغقا كىردىم،
ئالمانى ئىرغاتقىلى.
باشقا خەقنى سۆيدۇڭمۇ،
سەن مېنى يىغلاتقىلى؟

باغقا قوغۇن تېرىسام،
ئوخشاپ كەتتى قوغۇنۇم.
بۈگۈن ئاخشام چىقمىدىڭ،
بىكار كەتتى تۇرغۇنۇم.

گۈل دېگەنگە گۈل بولامدۇ،
قاتى - قاتى بولمىسا.
يار دېگەنگە يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم
سارغايغان سامانلارغا.
بىۋاپاغا مەيلىم يوق،
يېتىۋالسۇن ئارمانغا.

گۈلۈم كەتتى، گۈلۈم كەتتى،
قولۇمدىن بىر گۈلۈم كەتتى.
سەندەك بىۋاپا ياردىن
كۆڭلۈم بۆلۈنۈپ كەتتى.

قوغۇنلۇققا كىردىم مەن،
بىر چىلگىنى ئۈزدۈم مەن.
ئەسقاتمىغان شۇل ياردىن
ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم مەن.

بۈگۈن ئورغان ئورمىنىڭ
ئىتىزدا بىغى قالدى.
سەن قىلغان ئەلەملەرنىڭ
يۈرەكتە دىغى قالدى.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
نەگە بېرىپ چۈشكەندۇ؟
يارىم مەندىن ئايرىلىپ،
مۇرادىغا يەتكەندۇ؟ !

قۇشقاچ قەپەستىن چىقمىدى،
جان نەپەستىن چىقمىدى.
يار سالغان بۇ دەرد ـ ئەلەم،
ھەرگىز ئەستىن چىقمىدى.

بېغىڭىزنىڭ تېمى پەس،
ئالمىڭىزنى يېگەن بىز.
سىز يارىمنىڭ كۆڭلى پەس،
شۇڭا تاشلاپ كەتكەن بىز.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
مەن بارايمىكىن ئاستا.

ئەسلىي مەيلىڭ بولمىسا،
نېمىشقا ئۈينىغان باشتا؟

ئالما ـ ئالما دېگەنمۇ؟
باغدا ئالما يېگەنمۇ؟
ئىككىمىز دوست بولغاندا،
ئايرىلارمىز دېگەنمۇ؟

ساندۇقۇڭنىڭ ئاستىنى
ئالتۇن بىلەن ياپتىڭمۇ؟
مەندىن باشقا يار تۇتۇپ،
مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟

بېغىڭغا كىرىپ قېلىپ،
توك غوراڭنى يەپتىمەن.
ۋەدە بەرسەڭ كۆيدۇم دەپ،
يارىم، شۇنى دەپتىمەن.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
چېچىڭغا جالا سالما.
ئەمدى سېنى ئالمايمەن،
كەلگەنلەرنى ياندۇرما.

كۆك يانتاقنى قالاپسىز،
مورىڭىز تۇتۇن، يارىم.
شۇنچە قىلسام بىلمەيسىز،
باغرىڭىز پۇتۇن، يارىم.

سەن بېغىمغا كىرىپسەن،
ئالمىلارنى ئۈزۈپسەن.
مېنى تاشلاپ كېتىپمۇ،
يالغۇزغىنا يۈرۈپسەن.

مەن يارىمغا كۆيەرمەن
باغدا پىشقان ئالمىدەك.
يارىم مېنى تاشلىۋەتتى،
ئېتىزدىكى چالمىدەك.

ئېگىز تاغ ئاراسىدا
ئېرىمەيدىكەن قارلار.
بىزدىن ئامەت قاچقاندا،
قارىمايدىكەن يارلار.

يارىم ئاش ئېتىڭ، دەيدۇ،
ئېتەلمەيمەن يوبداننى.
يار مېنى يامان، دەيدۇ،
تېپىۋالسۇن ئوبداننى.

باراڭلىقتا باراڭ، يارىم،
كېۋەزلىكتە پاراڭ، يارىم.
بىرنى كۆرۈپ، بىردىن كەچكەن،
ئەقلى يوق ساراڭ يارىم.

ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
ئونىلىسى ياقۇت كۆز.

مېنى سۆيگەن ئاغزىڭدا
كىمنى سۆيدۇڭ قارا يۈز؟

باغقا كىردىم باغلىققا،
ئالما ئۈزدۈم ياغلىققا.
يار مېنى دېمەيدىكەن،
كۆزى چۈشۈپتۇ تاغلىققا.

ئاي كۆرۈنەر كۆزۈمگە،
يارىم ماڭسا كوچىدا.
مېنىڭ كۆزۈم يارىمدا،
يارنىڭ كۆزى نوچىدا.

ئاتنىڭ ئاتلىقى بارمۇ،
ناۋاتنىڭ ئاچچىقى بارمۇ؟
سەن مېنى ياراتمايسەن،
مېنىڭدىن تاتلىقى بارمۇ؟

ئالما دەپ سۆيسەم سېنى،
كۈلدىن بەتتەر قىلدىڭ مېنى.
كۆرمىدىڭ ھالىمنى ھېچ،
غېرىب گاداي قىلدىڭ مېنى.

ئۇلاغ ئالدىم مىنگىلى،
ساراڭمىدىم كۈلگىلى؟
قانچىلىكتىڭ سەن ئۈزۈڭ،
مېنى يامان دېگىلى؟ !

يارىم بوغداي تېرىسا،
سۆرىمىنى مەن سالاي.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
كۆڭلىنى قانداق ئالاي؟

ئېرىقىڭدىن قۇم ئالدىم،
تار كوچاڭدىن نەم توپا.
ئۈزۈن بولدى كۆيگىلى،
بىلمىدىڭ سەن بىۋاپا.

باغدا كاككۇك، سۇدا ئۆردەك
مايسا چايناپ يۈرگۈدەك.
شۇ مېنىڭ نادان يارىم
كوچادا ئويناپ يۈرگۈدەك.

يار مېنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

يۇقىرى – تۆۋەن بېرىپ،
يارنى كۆرمەيدۇ كىشى.
كۆرۈۋېلىپ كۆرمەسكە سالسا،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى.

بېغىڭدىكى ئالماڭنى،
سۇ قۇيماي قۇرۇتتۇڭمۇ؟

مەن سىنى ئۇنۇتمىدىم،
سەن مىنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟

قىزىلگۈلدەك پىيالىڭىز،
خويمۇ ئوبدان چىرايىڭىز.
بەش كۈن بولدى كەلمەيسىز،
ئەمدى نىمە خىيالىڭىز؟

ئالته ئاي ياز قوي باقسام،
يوقلاپ كەلمىدىڭ، يارىم.
ئىچىمگە ئوتنى سىپ قويۇپ،
ئۆزۈڭ بىلمىدىڭ، يارىم.

يارغا كۆيگەن يۈرەككە
سوغۇق سۇنى ئىچىمەن.
يار دىگەن شۇنداق بولسا،
سەندەك ياردىن كىچىمەن.

مەن ساقامنى دومىلاتسام،
بىرىپ تەگدى دەللىگە.
دەلله چۇشۇپ ئارىغا،
يارىم تەگدى بەڭگىگە.

ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا،
قاتار - قاتار ئاق تىرەك.
شۇنچه دەردكه سىلىپ قويۇپ،
تاشلاپ كەتكەن سىكىلەك.

چېكەڭدىكى غۇنچىنى
ئېچىلدۇرماي قىسىپسەن.
مېنى دەردكە سېپ قويۇپ،
ئاشناڭ بىلەن قېچىپسەن.

ئاق بۇلۇتقا مىنمەيمەن،
كۆك بۇلۇتقا مىنمەيمەن.
ياردىن كۆڭلۇم ئاغرىدى،
ئۆز يۇرتۇمغا كەتمەيمەن.

ئاي چىققاندا ئويغىنىپ،
چۈجە خوراز چىللىدى.
ئون بەش ياشلىق يار تۇتسام،
سۆيمەي تۇرۇپ كۈنلىدى.

كۆز يېشىمدا يۇيۇلدى
يىپەك رومالىم.
ئۇۋال قىلماڭ، ئەي نادان،
كۆرەر خۇدايىم.

قېشىڭىزنىڭ قارىسى،
قارىمۇقتەك دانىسى.
مېنىڭ ساڭا ئەل بولمىقىم،
ئاسمان ـ زېمىن ئارىسى.

ئۇ قوتاندا سېمىز قوي،
بۇ قوتاندا سېمىز قوي.

بىۋاپانى يارىم دەپ،
يۈرگىنىڭگە ئەمدى توي.

ئۆن بولدىغۇ، ئۆن بولدى،
بەش كۈرە بۇغداي ئۆن بولدى.
ۋاپاسىزغا كۆيگەنلەر
يۈرەكلىرى خۇن بولدى.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ،
كىرپىك قاقارىم كېلىدۇ.
بىلىگە ئالما تۇگۇپ،
يالغانچى يارىم كېلىدۇ.

كەل دېسەم كەلمەيدىغان،
قانداق نادان بالىسىز؟
كەچلىكى ۋەدە بېرىپ،
ئەتىسىلا يانىسىز.

قومۇش ئۆسكەن زېمىنغا
شال تېرىسالڭ ئۇخشايدۇ.
نادانلارنى يار تۇتسالڭ،
ئەزىز جېنىڭ قاقشايدۇ.

ئۈزۈم تىكتىم هويلامغا،
سايىسىدە ياتارمەن.
بىۋاپا يار دەردىنى
قاچانغىچە تاتارمەن؟

قومۇش ئېگىز، ئۇچى پور،
دەرەخ دېگىلى بولماس.
بىۋاپانى يار تۇتساڭ،
ھەرگىز سۆيگىلى بولماس.

قاشىنىڭ قارىسى دەيدۇ،
ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە.
چاقىرسامۇ چىقمايسەن،
كۆڭلى قارا شەرمەندە.

باغدا يۈرۈپ گۈل ئۈزدۈم،
ئۈزەلمىدىم خىلىنى.
شۇنچە قىلسام بېخىل يار
تۇتقۇزمىدى بېلىنى.

مەن پىچاندىن ئايرىلىپ،
بېرىپ قوندۇم تۇرپانغا.
يار كۆڭلىنى بېرەمدۇ،
ھىجىيىپلا قويغانغا.

يارىم ماڭا گۈل بېرىدۇ،
باغدا تۇرۇپ قول ئۇچىدا.
مەن يارىمنى كۆرۈپ قالدىم،
غەيرىي بىلەن تۆت كوچىدا.

ئۆگزەمدە كەپتەر
ئەگىپ ئوينايدۇ.

يارىم كۆيدۇم دەپ،
ئادەم گوللايدۇ.

يارىم، سەن ئىشتىتىڭمۇ،
چايغا چىللىغىنىمنى.
كۆڭلۇڭگە ئېغىر ئالما،
ئويناپ تىللىغىنىمنى.

مۇھەببەت شەربىتىدىن ئىچتىم،
قازاندەك قاينىدىم، تاشتىم.
يار دېگەن سەندەك بولسا،
جاھاننىڭ كارىدىن كەچتىم.

خامان ياساپ يېڭىدىن،
تاش تولۇقتا چىڭداتتۇق.
باغرى قاتتىق شۇ يارنى
شېرىن خەتتە يىغلاتتۇق.

ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدا
ئېرىمەيدۇ قار.
كېچە يېتىپ، سەھەر قوپسام،
تونۇمايدۇ يار.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار
كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەيدۇ.
بىۋاپاغا ئالدانما،
سېنى ھەرچاغ گوللايدۇ.

ئالما شېخى ئېگىز - پەس،
ئېگەي دېسەڭ ئېگىلمەس.
مېنى ئالدىغان يارنىڭ
بۇرۇندىنلا كۆڭلى پەس.

ئاپئاق ئايدىڭدا چىقىپ،
ئاي كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟
ئالدىڭغا تولا بېرىپ،
خار كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟ !

ئاللا - ئاللا، ئاپئېقىم،
كىمگە كۆڭۈل باغلىدىڭ؟
باشقىلارنى يار تۇتۇپ،
يۈرىكىمنى داغلىدىڭ.

باغدا كۆردۈم يارىمنى،
ئاتتى قەلەم قاشىنى.
ئەقلى يوقنى يار تۇتما،
تونۇماس ئاداشىنى.

سەن ئېتىڭنى ساتساڭ سات،
مەن ئېتىمنى ساتمايمەن.
ۋاپا قىلمىدى يارىم،
ئەمدى دەردنى تارتمايمەن.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
بوينۇمدا تۇمارىم بار.

يارى يوق قالار دەمسەن،
مېنىڭ ئۆزگە يارىم بار.

ئاق كۆڭلەكنى كيمەيمەن،
ئېتىكىمنى داغ قىلىپ.
بىۋاپانى سۆيمەيمەن،
يۈرىكىمنى داغ قىلىپ.

سەن ماڭا يار بولمىساڭ،
مۇندا مەن يارسىز ئۆتەي.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
مەن سېنى تاشلاپ كېتەي.

بېدىلىكتە ئوتلايدۇ،
يارىم مىنگەن ئارغىماق.
ۋاپاسىزغا ئادەتكەن،
ياخشى يارنى قارغىماق.

گۈل ئېچىلىپ توزۇسا،
قالىدىكەن چانىقى.
ۋاپاسىزدا بار ئىكەن،
سۆيگەن ياردىن چانىقى.

دەريادا بېلىق كۆڭلۈم،
ھاۋادا بۇلۇت كۆڭلۈم.
يار باقمىغاندەك ئەمدى،
سەن ئۇنى ئۇنۇت، كۆڭلۈم.

كۆڭلەك كىيدىم شايىدىن،
يەڭ ئۇچىدا گۈلى بار.
مەن يارىمغا باقمىدىم،
ئۇنىڭ باشقا خىلى بار.

مەن مەلەڭگە بارمايمەن،
مەلەڭدە بار بىر قاۋان.
بارسامۇ كۆرۈشمەيمەن،
سالغان دەردلىرىڭ يامان.

باش ئېتىزنى قوم باستى،
ئايغىنى چىم باستى.
نادانغا كۆڭۈل بەرسەم،
مېنى تاغدەك غەم باستى.

ئوچاقنىڭ ئالدى ئويما،
ئويۇق ئىچىدە سويما.
مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس،
خىلىڭنى تېپىپ ئوينا.

قاغا جىگدەڭنى يېمەيمەن،
بىۋاپاغا كۆيمەيمەن.
باغرى قاتتىق سەندەكتىن
ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن.

كەتتى ـ كەتتى، يارلار كەتتى،
نەلەرگە كەتتى؟

ئالته ياردىن ئەگەشكىنىم
بىكارغا كەتتى.

كەتتى ـ كەتتى، يارىم كەتتى،
نەلەرگە كەتتى؟
كۆيۈك ئوتىغا بىزنى قويۇپ،
ئايرىلىپ كەتتى.

قۇرۇق ئۇزۇم بېرىپ يۇرۇپ،
ئۇنۇتتۇڭ مېنى.
زىندانىدىكى گۇناھكاردەك
قۇرۇتتۇڭ مېنى.

سارغىيىپ ئۆلمەس كىشى،
ياردىن ئايرىلغان بىلەن.
مەنمۇ ئۆلمەسمەن تېخى،
سەندىن ئايرىلغان بىلەن.

سۇ بېشىدا ئولتۇرۇپ،
سۇنى لېيىتقان ئۆزىڭىز.
ياخشى ـ يامان سۆزلەر بىلەن،
كۆڭۇل سوۋۇتقان ئۆزىڭىز.

كالام چىقتى ئېغىلدىن،
يۇگۇرۇپ ماڭدى ئېرىققا.
نېمىدەپ كۆيۈپ قالدىم مەن،
سەيدەم دېگەن سېرىققا.

ئېگىز تاغقا چىقماڭلار،
ئېگىز تاغدا تۇمان بار.
بىزنىڭ يارلار تۇراقسىز،
كۆڭلۇمدە چوڭ گۇمان بار.

يانچۇقۇمدا تاشىم بار،
چىنەتەخسىدە ئاشىم بار.
مېنى يالغۇز دەپ قالماڭ،
قۇرغۇيدەك ئاداشىم بار.

بۇ چىنار ئېگىز چىنار،
ئېگىلسە شاخى سۇنار.
شاخى سۇنغاندىن كېيىن،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار؟

ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتسەم،
ئىلىندى دېمە.
ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كۇلۇپ قويسام،
يېلىندى دېمە.

گۇلچىمەندە بۇلبۇلنىڭ
دەردى قانچە بىلەمسەن؟
بار گۇناھنى سەن قىلىپ،
يۈز كۆتۈرۈپ يۈرەمسەن؟

كۆيدى يۈرەك ئىشقىڭدا،
كۆيدى بۇ جان، يار ـ يار.

كۆيگىنىمنى بىلمىدىڭ،
كۆڭلى ياماان، يار ـ يار.

بىر پوچۇق نان تېپىپسەن،
يالغۇز يېمىگىن ناننى.
مەنمۇ ئاللا بەندىسى،
مۇنداق قىينىما جاننى.

ئورۇپ قويدۇم بۇغداينى،
كەپتەرلەرمۇ دانلىسۇن.
يار ئۆزىنى داغلىماي،
باشقىلىرى داغلىسۇن.

تام ئۇستىگە تام قويسام،
لىم توختىماي لىڭشىيدۇ.
يارنى كەچتە كەل دېسەم،
بويۇن تولغاپ غىڭشىيدۇ.

بارايلى دېگەن يەرگە،
بىللە بارمىغان يارىم.
بارمايلى دېگەن يەرگە،
بارماي قويمىغان يارىم.

تاغ كەينىدىن كەلگەنلەر،
تۇرپاننى ئىسسىق، دەيدۇ.
بىزنىڭ يارنى ئاڭلىسام،
ئەجەبمۇ پىخسىق، دەيدۇ.

غانجۇغامدا ئارغامچا،
سالمىنى سالاي دەيمەن.
يارغا بەرگەن كۆڭلۈمنى
ياندۇرۇپ ئالاي دەيمەن.

يارىم بىلەن مەن باردىم،
باغدىن گۈل ئۈزۈپ ياندىم.
يارىم ئۈندا يار تۇتسا،
مەن ئۈمىد ئۈزۈپ ياندىم.

ئالما ئاتتىم ئاتقانغا،
سىم كارىۋاتتا ياتقانغا.
بىۋاپاغا كۆڭۈل بەرسەم،
قىچىپ كەتتى تۇرپانغا.

يارىمنى ئىزدەپ بېرىپ،
باغدا ياتتىم بورىدا.
خۇشال كۆڭلۈم لال بولدى،
بىۋاپانىڭ زورىدا.

دۇتارىڭنىڭ تارىسى
ئۈلاق ئىكەن، چالمايمەن.
بىۋاپا شۇ يارىمدىن
كۆڭلۈم قالدى، بارمايمەن.

تاڭغا بارسام يېنىڭغا،
يولاتمىدىڭ قېشىڭغا.

يەتتى كۆككە پەريادىم،
ئەجەل يەتسۇن جېنىمغا.

قەلەمدەك قاشلارىڭ،
ئايدەك جامالىڭ.
بىزنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
كىمدە خىيالىڭ؟ !

چوكانلار سېخىي بوپتۇ،
دەردمەنلەر كېلىپ كۆنسۇن.
بىزنى يامان دېگەنلەر،
كۆيۈك ئوتىدا ئۆلسۇن.

«كەل !» دېگەندە كەلمىدىڭغۇ،
يارىم، قېشىمغا.
بۇ مالامەت دەردلىرى
قوندى بېشىمغا.

گۇل يارىم، گۇلۇم يارىم،
گۇلنىڭ قېشىدا كىم بار؟
ئۆزىنىڭ يارىنى تاشلاپ،
خەقنىڭ قېشىدا نېم بار؟

ھاۋادىكى قارلىغاچ
ئۇچۇپ ئۆتتى يېنىمدىن.
بىزنىڭ يارنىڭ قىلغىنى
ئۆتۈپ كەتتى جېنىمدىن.

كەپتىرىڭگە دان بەرمەي،
ئاچقا ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟
ئايدا ـ يىلدا كېپ قويماي،
دەردكە تولسۇن دېدىڭمۇ؟

نېمە كۆردۇڭ سەن مېنى،
يارىم دەپتىمەن سېنى.
ئاخشىمى كۆرۈشكەندە،
مېنى سۆيگىنىڭ قېنى؟

توپ بۇلۇتلار توپ بۇلۇتنى
قوغلاپ يۈرىدۇ.
نادان باللا ۋاپاسىزنى
يادلاپ يۈرىدۇ.

كۈندە ـ كۈندە يول ماڭدىم،
سەندىن زىيادە.
سېنىڭ ئۈچۈن يول مېڭىپ،
قالدىم پىيادە.

بەش چېچىڭدا بەش تۇمار،
تۇمار ئاسمايدىغان كىم بار؟
ياشلىقتا، نادانلىقتا،
ئويناپ كۈلمەيدىغان كىم بار؟

سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ،
مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

پەرۋانىدەك چۆرگىلىسەم،
باغرىڭ تاشكەن، بىلمىدىڭ.

تاقلاپ چۈشتۈم باغچاڭغا،
ناسنى ئالدىم بوغچامغا.
بىزنىڭ ئاشۇ تۈلكە يار
كۆيگەنىكەن ئاقچامغا.

بۇغداي تېرىسام كۆزدە،
ئۆسمەستىنلا سۇ دەيدۇ.
بىۋاپانى يار تۇتسام،
سۆيمەستىنلا پۇل دەيدۇ.

خاسىڭ ئالغان تەخسىگە
ئالما تىزسام، تۇرمىدى.
نادان ئىكەن بۇ چوكان،
مېنى كۆزگە ئىلمىدى.

قارىياغاچنى تىكىپ قويسام،
شاخ ئايرىپتۇ بەش ئاچا.
بىۋاپانى يار تۇتساڭ،
بىر سۆيۈپ قويۇپ قاچار.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى ئىكەن ئازادە.
كۆيدۈرۈپتۇ ئەجەبمۇ
ئىلمەك تۇمشۇق بەگزادە.

شورلۇق يەرنى شور باستى،
قۇملۇق يەرنى قۇم باستى.
مېنىڭ يارىم ۋاپاسىز،
پۇلۇمنى ئېلىپ قاچتى.

دۇتارىمنى چالىمەن،
«زىمىن» دېگەن پەدىگە.
مەجنۇن سۇپەت يۇرىمەن،
بىۋاپانىڭ دەردىگە.

بىلەزۈكۈم يوق دەيسەن،
بۇندا ھېچكىم ئالغان يوق.
بىۋاپانى يار تۇتۇپ،
مەندەك داغدا قالغان يوق.

يارنىڭ يېنىغا بارسام،
يېتىپتۇ يانچىلاپ،
سۆز بەرمەيدۇ يار ماڭا،
ئۆيگە بارسام قانچىلاپ.

چىراغلار ئۆچۈپ قاپتۇ،
پەرلەپ قويسا بولمامدۇ؟
بىزنىڭ يارلار كەلمەپتۇ،
چىللاپ قويسا بولمامدۇ؟

ئېرىق، ئويماندا ئوينايسەن،
يۇقىرى - تۆۋەن قاتنايسەن.

ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ قىپ،
ماڭا نېمە باتنايسەن؟

چىنار باغدا كۆردۈم مەن
ئانار بىلەن ئەنجۈرنى.
يار قېشىغا مەن بارسام،
ئېتىۋاپتۇ پەنجىرنى.

لەڭمىنىڭنى يېمەيمەن،
سامساق بىلەن لازاڭ يوق.
ئۈمىدنى ئۈزمەي دېسەم،
بۇرۇنقىدەك ياڭزاڭ يوق.

بىزنىڭ يارنىڭ چېچىدا
ئالتۇن گۈللۈك تارغاق بار.
چىن مۇھەببەت ئىشقىدا،
نەدە گەپتىن تانماق بار؟

ئېرىقىڭدىن لاي ئالدىم،
ئۆي ئارقاڭدىن نەم توپا.
ئاداش تۇتساڭ قىزنى تۇت،
چوكان دېگەن بىۋاپا.

كۇچا قويى تېرىسىنى
تېرىچىلار ئاشلايدۇ.
مۇشۇ كۈندە يار تۇتسا،
ئون بەش كۈندە تاشلايدۇ.

يارىم كەلدى يىراقتىن،
ئالا پاچاق ئات بىلەن.
مەن كۆيۈپ ئاۋارە بولسام،
ئۇ يۈرىدۇ يات بىلەن.

يارىم كېلىپ ياتقاندۇ،
پەنجىرىدىن پاتقاندۇ؟
ۋاپاسىزلىق دەردىنى
يار ئۆزىمۇ تارتقاندۇ؟

تونۇمىسا تونۇمىسۇن،
كۆڭلى قاتتىق يار.
كۆڭلى قاتتىق نادان يارلار
نەدىلا تۇرسا خار.

ماش تېرىساڭ ئاش بولا،
ئۈنچە - مارجان تاش بولا.
ياراتمىساڭ سەن مېنى،
سەندىن باشقا يار تولا.

يارىنىڭ مەلىسى قورغان،
قورغان ئىچىدە ئورمان.
يار دېگەن سەندەك بولسا،
سەندىن تويغىنىم تويغان.

بىزنىڭ مەلە شاپتۇللۇق،
پىشقان چاغدا كېلەرسىز.

بىلمىسڭىز قەدرىمنى،
چوڭ بولغاندا بىلەرسىز.

بىزنىڭ يارغا نېم بولدى،
كەچ بولدى كېلەلمىدى.
شۇنچە قىلسام ياخشىلىق،
قەدرىمنى بىلەلمىدى.

خاسىڭ تېرىسام قۇم يەرگە،
ئېتىز بويلاپ شاخلىدى.
يارغا قىلسام خۇشامەت،
مىجەزىگە ياقمىدى.

ئۇيانغىمۇ ئۆتكۈم بار،
بۇيانغىمۇ ئۆتكۈم بار.
ياراتمىساڭ سەن مېنى،
ئۆيۈمگىلا كەتكۈم بار.

يارىم بەرگەن ئالمىنى،
بىكار بەردى، دەپتىمەن.
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنى
كۆڭۈل بەردى، دەپتىمەن.

مەلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئەجەب تاتلىق جۇجەم بار.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
ماڭا ئاللا ئىگەم بار.

يارىم ناخشا ئېيتىدۇ
دۇتار بىلەن داپ بىلەن.
پەرۋانە بولۇپ كەلسەم،
ئويناپ يۈرىدۇ يات بىلەن.

ئۇنداقمىكىن دەپتىمەن،
مۇنداقمىكىن دەپتىمەن.
بىۋاپا يار قاشىغا
بىكاردىنلا كەپتىمەن.

ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن
«شاراق ـ شۇرۇق» تاش كەلدى.
بىۋاپانىڭ دەردىدە
قارا كۆزگە ياش كەلدى.

يېڭى چاپقان ئېرىقتا
سۇلار راۋان ئاقمىدى.
باغرى قاتتىق نادان يار
ماڭا كۈلۈپ باقمىدى.

يېڭىدىن بىر ئات ئالسام،
ئۇزۇن ماڭماي يېتىۋالدى.
بوستانلىقتىن يار تۇتسام،
بىر سۆيمەيلا قېتىۋالدى.

خېلى قاراپ كۆرەلمىدىم،
يارىم، سېنىڭ بويۇڭنى.

بۇرۇنلاردا بىلمەپتىمەن،
ئەمدى بىلدىم قەدرىڭنى.

ئىلىدىن تاران چىقتى،
تاراندىن پاراڭ چىقتى.
ئوردا مەلىدىن ئۆيلەنسەم،
ئەقلى يوق نادان چىقتى.

كۇچا يولى بىر ئايلىق،
ماڭسا يولى قۇلايلىق.
قەدىر بىلمەس يارلاردىن
قەدىر بىلگەن چىرايلىق.

كۆك ئاسماندا ئايىم بار،
قىزىلگۈلدەك يارىم بار.
سەن بوزەك ئەتكەن بىلەن،
ياراتقان خۇدايىم بار.

يەرنى ئالدىم بەش سەرگە،
قوغۇن تېرىدىم شۇ يەرگە.
تېگىشۋاپتۇ ئايىمخان
كېلىشمىگەن بىر ئەرگە.

چاقى قانات تاشلايدۇ،
يار كۆزىنى ياشلايدۇ.
يامان بىلەن بىر بولساڭ،
تىرەن دەرياغا تاشلايدۇ.

يارىم ئىكەن جاغىلداق،
تەگدى ئەلنىڭ چىشىغا.
جامائەتنى تونۇمايدۇ،
دەرد كەلگەندە بېشىغا.

قارىياغاچتا سېغىزغان،
قوغلىسامۇ كەتمەيدۇ.
بىزنىڭ يار نادان بالا،
كىشى هالىغا يەتمەيدۇ.

تور ئۈستىدە تۇرۇپ مەن،
قانداق ئېيتاي ناخشىنى؟
يار ئايرىلسا مېنىڭدىن،
نەدىن تاپۇر ياخشىنى؟

بېشىمدىكى دوپپامنى
هەر خىل يىپتا يۆمەيمەن.
خاتىرەڭنى جەم قىلغىن،
سېنىڭ بىلەن يۈرمەيمەن.

يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ،
گۈلى يوغان، تېگى بوش.
بىۋاپانى سۆيمەيمەن،
گېپى يوغان، بېلى بوش.

ئۆرۈك پىشتى سارغىيىپ،
ۋاقتى - پەسلى يېتىپتۇ.

يارنى باغدا بار دېسەم،
ئولتۇرمايلا كېتىپتۇ.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
چار بۇغدايغا تويدۇڭمۇ؟
بىر سۆيۈپ كېتىۋېلىپ،
مېنى بالاغا قويدۇڭمۇ؟

ئاخشىمى بولسا بارمايمەن،
يارنىڭ يولى پاتقاقلىق.
ھالقا بەرسەم يىتتۇردى،
يارغا نېمە شاللاقلىق؟ !

شايى شايى ئەمەسمۇ؟
ئەتلەس پۇلغا كەلمەسمۇ؟
بىلمەي دوست بولۇپ قاپتۇق،
بىۋاپاكەن ئەمەسمۇ؟

ئىشىك ئالدى خامانلىق،
بىزنىڭ يار يامانلاقلىق.
قاشلىرىدا كۆك ئوسما،
ياتقان يېرى سامانلىق.

ياز كەتكەندە كۈز كېلۇر،
ھەربىرى نۆۋەت بىلەن.
يارىم كەتتى غىپپىدە،
بىر قاپاق سۆلەت بىلەن.

ئاسماندىكى ھەسەن ـ ھۈسەن
نۇر بىلەن، نۇرى بىلەن.
ياردىن دىلىم رەنجىدى،
ئۆزۈمنىڭ شورى بىلەن.

كۈلۈپ ـ يىغلاپ يۈرسەن،
مەندە نىمە چارە بار؟
شىرىن جاننى قاقشاتقان
كىمنىڭ سەندەك يارى بار؟ !

يار كەلمىسە كەلمىسۇن،
كىمۇ ئۆلەدۇر.
ئۆز بېشىغا كەلگەندە،
ئۆزى بىلەدۇر.

* *

سايدىكى قورام تاشقا
ئوت ياقسام، كۆيۈپ كەتسە.
ۋاپا قىلمىغان يارلار
ئەجەل كېلىپ ئۆلۈپ كەتسە.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

ئۇچاڭدىكى چاپاننى
دىكامىكىن، دەپتىمەن.
چىرايىڭغا بىر قاراپ،
ئادەممىكىن، دەپتىمەن.
ۋاپاسىز يارغا مىڭ لەنەت.

*        *

ئەنجان ياغلىق قولۇمدا،
باغلىغۇمۇ كەلمەيدۇ.
ئىككى يۈزلۈك شۇ يارغا
قارىغۇمۇ كەلمەيدۇ.

چوكاننىڭ قارا قېشى،
ئەجەب تولاكەن ئاداشى.
دەپ قويۇڭلار چوكانغا
ئۆلۈمگە كېتىدۇ باشى.

ئەجەبمۇ بولۇق بولدى
هويلامدىكى قارىئۆرۈك.
بىۋاپالىق قىلغاننى
يولدا تاشلاپ كەتكۈلۈك.

چارخامنىڭ ئۈچى هالقا،
هالقىسىدىن چۆرۈيمەن.
ۋاپا قىلمىغان يارنى
باش - كۆزۈمدىن ئۆرۈيمەن.

كېچىدە ئىزدەپ بېرىپ،
تاپالمىدىم مەن سېنى.
ياش تۆكۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ،
قىلغان ۋەدىڭىز قېنى؟

باغنىڭدىكى قوناقنى
سويۇپ سالدىم سېۋەتكە.
ئىشەنمەڭلار، ياش باللا،
ۋاپاسى يوق سۆلەتكە.

قوينىڭمۇ قوزاسى بار،
پىلىنىڭمۇ قوزاسى بار.
بىۋاپالىق قىلغاننىڭ
قىيامەتتە جازاسى بار.

ئاينى كۆردۈم ئاسماندا،
يارنى كۆردۈم بوستاندا.
ئىشەنگىلى بولمايدۇ،
يېڭى تۇتقان ئاشنامغا.

پاڭچۇ كۆڭلەك كىيىپلا،
بەللىرىنى باغلىماي.
نادان بىلەن يۈرۈپلا،
ئۆزلىرىنى چاغلىماي.

يېلىنساممۇ ئاھ ئۇرۇپ،
سەن قەدرىمنى بىلمىدىڭ.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

قايرىۋالدى پۇتۇمنى
ئۆتۈكۈمنىڭ چەمى.

بىزنىڭ يارنىڭ باغرى تاش،
كەلمەيدۇ رەھمى.

دۆڭگە چىقسام دۆڭ ياخشى،
ئۆيگە كىرسەم ئۆي ياخشى.
ئىشقى يوق نادان ياردىن
قوشقا قاتقان ئۇي ياخشى.

تامغا يۆلىنىپ يىغلاپ
ئاققان ياشىم كۆل بولار.
مەن مەلەڭدىن كەتكەندە،
باغۋارانىڭ چۆل بولار.

ئالمىغا قول ئۇزاتتىم،
شاخلىرىنى ئېگەي دەپ.
سەن مېنى ياراتمىدىڭ،
باشقا ئەرگە تېگەي دەپ.

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدىن
ئۇچۇپ كەلدى بىر ئۇلا.
يارىم مېنى خارلىدى،
ئىچىمدە دەردىم تولا.

بىر پۇتۇمنى شاخقا قويدۇم،
بىر پۇتۇمنى لەمپىگە.
ئەمدى كەلسە قارىماسمەن،
قارا يۈز شەرمەندىگە.

ئوڭ يانىمدىن ئۆتكۈچە،
سول يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ.
مېنى مازاق قىلغۇچە،
يار تۇتمايمەن، دېسەڭچۇ.

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
دان ئىزدەشنى بىلمەيدۇ.
مېنىڭ يارىم نادانكەن،
كۆڭۈل ئىزدەشنى بىلمەيدۇ.

مەن مالىمنى هەيدىدىم،
شەنبە كۈنى تارانغا.
مەن ئەمدى گەپ قىلمايمەن،
قەدىر بىلمەس ساراڭغا.

باياۋاندىكى قويلار
هاۋا يانسا ئوت يەيدۇ.
بىزنى قاقشاتقان يارىم،
قىيامەتتە نېم دەيدۇ؟

قاتتىق ئۇيقۇدا ياتسام،
ئاشنام ئاچتى قوينۇمنى.
يۈزى قىلىن شەرمەندە،
قويۇپ بېرىڭ بوينۇمنى.

مەن قارىسام كۆلىسەن،
شېرىن خىيال سۈرىسەن.

مەن ئىشقىڭدا پەرۋانە،
سەن كىم بىلەن يۈرسەن؟

چاپىنىڭمۇ خادانى،
ئىشتىنىڭمۇ خادانى.
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
كىم سورايدۇ دەۋانى؟

يارىمنىڭ يارى بۆلەك،
قايرىلىپ كۈلگەن بىلەن.
قاش ئېتىپ، كۆز ئوينىتىپ،
گۈل قىلىپ يۈرگەن بىلەن.

سۇ باشلىدىم بېغىمغا،
پىستە، بادام، ئۈزۈمگە.
ۋاپاسىزلىق قىپ تۇرۇپ،
كىرىۋالما كۆزۈمگە.

ئون سەككىزگە كىرگەندە،
ساقال چىقتى ئېڭەككە.
ۋاپاسىزنى سۆيمەيمەن،
داغ چۈشۈرۈپ يۈرەككە.

سۇ بويىدا تاغلار بار،
ئەتراپىدا باغلار بار.
سۆي دېگەنگە سۆيمەيمەن،
يۈرىكىمدە داغلار بار.

ئات ـ ئۇلاغ بازارىدىن
ئات ئالمىلا، تايچاقمۇ؟
راست گەپلىرىنى قىلسىلا،
راست ئويناملا، چاقچاقمۇ؟

ئۆستەڭ سۈيى لايكەن دەپ،
كۆلچەك كولاپ سۇ ئىچكەن.
بىزنى كىچىك نادان دەپ،
بىر سەتەڭگە دۈم چۈشكەن.

قارىقات يوپۇرمىقى
قاتمۇقات بولار ئىكەن.
ئىلاجىم يوق كۆيۈككە،
كەلمىسەم بولار ئىكەن.

يار تۇتمىسام بوپتىكەن،
سەندەك ھالى يوغاننى.
ئەجەب بىلمەي قاپتىمەن،
كۆڭلى قارا چايانىنى.

ئۆگزەڭگە چىققان بىلەن،
چەللەڭگە ئۇلاشمايمەن.
ئاشناڭ سېنى ئالداپتۇ،
مەن سېنى تالاشمايمەن.

بارمىغاچقا قېشىڭغا،
يات بولۇپ قالدىمىكىن؟

يانچۇقۇمدا پۇل تۈگەپتۇ،
سەت بولۇپ قالدىممىكىن؟

مەن تونۇرغا نان ياقتىم،
ئىچىگە پىياز سېلىپ.
قەيەرگە كەتتىڭ، خېنىم،
يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ؟

سويمىنى ئويۇپ يەيمەن،
ئالمىنى سويۇپ يەيمەن.
كۆزگە ئىلمىغان يارنى
جايىدا قوياي دەيمەن.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
بەلۋېغىڭ بىلەن يەكتەك.
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
سەندىن باشقا يار يوقتەك.

تاغنىڭ ئۈستىگە چىقسام،
ئاق تاش بىلەن قارا تاش.
دەردى بارنىڭ كۆزى ياش،
دەردى يوقنىڭ باغرى تاش.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى بەكمۇ ئازادە.
مەن سېنى يارىم دېسەم،
كۆلمەيسەن هارامزادە.

سۆنى كېچىپ ئۆتكۈچە،
كەچمەي ئاتلاپ ئۆتسەڭچۇ.
مېنى ئەخمەق قىلغۇچە،
يار تۇتمايمەن، دېسەڭچۇ؟

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى پىيالە، چىنىگە.
بىر قاراپمۇ قويمىدىڭ
مەن غېرىب بىچارىگە.

دەريانىڭ ئۇ قاشىغا
سىيادان تېرىماڭ، يارىم.
مەن سىزگە نېمە قىلغان،
سىڭايان قارىماڭ، يارىم.

ھەلەپ بېرىپ سەمرىتەي،
ئېغىلدىكى قويۇمنى.
ئۆتكەن بولسا سەۋەنلىك،
باغلاپ بېرەي قولۇمنى.

ناۋات سېلىپ چاي دەملەپ،
سوۋۇتتۇم پىيالىدا.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
كىم باركىن خىيالىدا؟

چۆچۈرەڭنى سانىما،
پېشماي قاپتۇ، خام ئىكەن.

سىنىڭ تۇتقان ئاشناڭدىن،
مېنىڭ نەرسەم كام ئىكەن؟

ھەركىم قىلار ئۆزىگە،
ئەگىلىك ئېتەر يۈزىگە.
ئۇستۇن باقىپ تۇكۇرسە،
يانىپ چۈشەر يۈزىگە.

كۈندە قاراپ ھويلاڭغا،
قېلىۋەردىم تالادا.
ساڭا قىلغان ئەقىدەم
ئۇچۇپ كەتتى ھاۋادا.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
يۆلەپ قويغان گۇناھىم بار.
كۆيۈپ قالدىم، دېگەندە،
سۆيۈپ قويغان گۇناھىم بار.

چاقىم چاقىدا قالدى،
يېگىنەم خانىدا قالدى.
ئەمدى سۆيگىلى بولماس،
كۆڭلۇم ئارىدا قالدى.

ئاۋۋال ئېيتساڭچۇ ماڭا،
ساڭا مەيلىم يوقلا دەپ.
قول سېلىپ كەتمەسىدىم،
سېنىڭچە يارىم يوقمۇ دەپ.

گۈلمۇ دەپ باستىم تىكەننى،
بىلمىدىم قامغاق ئىكەن.
سېنى مەن دانا دېسەم،
دانالىقىڭ چاغلىق ئىكەن.

باغچىلارغا سۇ كېلىپتۇ،
مۇز بولۇپ تۈيۈلغۇدەك.
مەنمۇ بىر گەپلەر ئىشىتتىم،
كۆپ بولۇپ يېرىلغۇدەك.

سەن مېنى سوقتۇم دەمسەن،
ساپىقى سۇنۇق قامچاڭ بىلەن.
خۇدايىم كەسكەي قولۇڭنى
ئۆتمىگەن قايچاڭ بىلەن.

ھاۋا كۈلۈپ ئۆتتىمۇ،
بۇلۇت كېلىپ ئۆتتىمۇ؟
يار ئۇستىگە يار تۇتۇپ،
بېشىڭ كۆككە يەتتىمۇ؟ !

يارىم، سېنىڭكى
جۈپتى ئانارىڭ بارمىدى؟
كىشىنىڭ ياردا
سېنىڭ تەمەيىڭ بارمىدى؟

خويمۇ كۆيدۈردۈڭ مېنى،
ئوچاقتا سالغان چالمىدەك.

خويمۇ سارغايتتىڭ مېنى،
بەرگىدە سۇنغان ئالمىدەك.

يارىم كەتكۇدەك ئەمدى،
كەتگۈزگىلى يول بولسۇن.
مېنى تاشلاپ كەتكەننىڭ
ئىككى كۆزى كور بولسۇن.

مەن تىلىمنى ساز قىلىپ
چالسام راۋابتىن ياخشىراق.
ئىككى تىزىمنى قۇچاقلاپ
ياتسام ياماندىن ياخشىراق.

ياغلىقىم يارىمدا قاپتۇ،
كۆزگە سۈرتۈپ يۈرگۈدەك.
كېچىلىرى ئۇخلىماي،
كۈندە تىللاپ يۈرگۈدەك.

باغرى قاتتىق بولغۇچە،
مەن كۆيگەندەك كۆيسەڭچۇ.
مۇنداق ئەلەم قىلغۇچە،
راست گېپىڭنى قىلساڭچۇ.

قاپقارا بوران كەلدى،
تار كوچىدا ۋاڭ كەلدى.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
ئۆزى كىچىك نادان كەلدى.

يارىمنىڭ ياغلىقىدا
تىرماق - تىرماق كەشتىسى بار.
يارىمنىڭ خىيالىدا
مېنى تاشلاپ كەتكۈسى بار.

قارىمايلا كېتىپ بارىدۇ،
كۆزدىن ئاققان يېشىغا.
ئاخىر پۇشايمان قىلۇرمۇ،
ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا؟

سۇ كېلىدۇ لايلىنىپ،
كۆلدە ئۆردەك ئايلىنىپ.
يار قىچقارسا چىقمايسەن،
يۇرسۇن كوچا ئايلىنىپ.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
كۆزۈڭدىن يىتەي ئەمدى.
ئالدىڭدا خار بولغۇچە،
يات يۇرتتا ئۆتەي ئەمدى.

نېمە قىلدىم مەن ساڭا،
ئەجەبمۇ قىلدىڭغۇ ماڭا.
قىلغىنىڭ يادىڭدا بولسا،
مەنمۇ قىلۇرمەن ساڭا.

ئاتنى مىندىم ئېگەرسىز،
تاغقا چىقتىم يۇگەنسىز.

يارى تۇرۇپ يار تۇتقان،
يۈزى قارا، ئىمانسىز.

بۇ يوللار ئۆزاق يوللار،
تاشى بار، توپاسى يوق.
شۇغۇن كۆندە يارلارنىڭ
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

لەپ ــ لەپ ئۆچىدۇ سارلار،
قارىمايدۇ شۇ يارلار.
قارىمىسا، قارىماس،
ئەسلىي بىۋاپا يارلار.

ۋاپا كىلەر دېۋىدىم،
كۆپ جاپانى كىم بىلدى.
ئاخىرى جۇدالىقكەن،
ئايرىلارنى كىم بىلدى.

بۇغداي قۇيدۇق سۆگەنگە،
باھاسى يوق بەش تەڭگە.
يار بىلەن كۆرۈشكەندە،
ئىتتىرىۋەتتى ئۆستەڭگە.

كۆڭلىكىڭنىڭ ئېتىكى،
ئېتىكىدە چېچىكى.
بىزنى تاشلاپ سۆيگىنىڭ
ئايغىمنىڭ پېتىكى.

مەن ئۆزۈم يالغۇز بالا،
بېشىمغا كەلدى مىڭ بالا.
ئوتقا قاقلاپ سۇدا قويساڭ،
ئېرىمەس كۆڭلۈم ساڭا.

ئۇچۇپ ھاۋاغا چىققاندا،
لاچىن سوقسۇن سېنى، كەكلىك.
يېنىپ دەرياغا چۈشكەندە،
لەھەڭ يۇتسۇن سېنى، كەكلىك.

بېلىقچى تورىنى سېلىپ،
تۇتۇۋالسۇن سېنى، كەكلىك.
يۇلغۇندىن زىخچە ياساپ،
كاۋاپ قىلسۇن سېنى، كەكلىك.

ئەتىيازنىڭ ۋاقتىدا
پىشىپ قاپتۇ غورىلار.
ئادىشىنىڭ قويندا
ئۇخلاپ قاپتۇ ئوغرىلار.

كەندىر تۇۋىدە كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن ئەپلىك.
ۋەدىلەشكەندۇق باشتا،
بۇگۈن، تاڭلا قىيامەتلىك.

رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى،
سايدا ياتقان تاشتا.

خويمۇ دەردلەر بارئىكەن،
خۇدا ياراتقان باشتا.

چىرايلىقنى يار تۇتۇپ،
يولدا قوي نىشانەڭنى.
يار قولۇڭغا كەلمىسە،
سىلاپ قوي پېشانەڭنى.

بىۋاپا بوگۇن بارۇر،
ئەتە ئۇنتۇر يارىنى.
ئادەمىي ھەرگىز ئۇنۇتماس،
بىرلا سۆيگەن يارىنى.

يارى دەيدۇ، يارى دەيدۇ،
يارىدا يوقتۇر ۋاپا.
يار ئېتىنى ئاتىماڭلار،
قىلىدۇ جانغا جاپا.

يار يىراق، مەنزىل يېقىن،
ھېچقانداق غاپىل ئەمەس.
بىۋاپانى يار تۇتساڭ،
مۇرادىڭ ھاسىل ئەمەس.

ئاي دەيدىكەن، كۈن دەيدىكەن،
چەرخى پەلەكتە.
ۋاپاسى يوق شۇ يارىمنىڭ
كۆڭلى بۆلەكتە.

هەي ـ هەي پەلەك ـ سالدىڭ مېنى،
جەبرۇ جاپاغا.
ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغلاپتىمەن،
سەن بىۋاپاغا.

قىزىلگۈل تۈۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمارى بولدۇم مەن.
سىنىڭدەك بىۋاپا يارغا
ئەجەب ئاۋارە بولدۇم مەن.

ئەقلىڭ بولسا، يارىم،
كۆيمە كىشىنىڭ يارىغا.
سەن كۆيۈپ چەكپارە بولساڭ،
ئۇ كۆيەر ئۆز يارىغا.

ئارىلىقىيەي ئارىلىقى،
ئارىلىقنىڭ تارلىقى.
ئۆلگۈچە چىقماس ئىچىمدىن
يارنىڭ قىلغان قىلىقى.

تۆۋىگە چىقسام قارۇرمەن،
قاپقارا سايلار سايان.
ئەمدى ھەرگىز قارىماسمەن،
بىۋاپا يارلار سايان.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
مەن ئۆزۈم خىجالەتتە.

مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
سورىقىم قىيامەتتە.

سەن يارىم ئالدىرىما،
بالدۇر خازان قىلدىڭ مېنى.
باغدا گۈلنى مەن تاپارمەن،
سەن تاپالمايسەن مېنى.

ئېيتىپ - ئېيتىپ كىردىم چۆلگە،
قولۇمنى سېلىپ.
بىزنى تاشلاپ ئۆزى كەتكەن
ھەر جايدا غېرىب.

ئاق باسما، يېشىل باسما،
كۆڭلەك كىيسەم ياراشماس.
ئۈمىدىڭنى ئۈز مەندىن،
ھىيلە - مىكرىڭ قاملاشماس.

قارا قاش، قاۋۇل يارىم،
كىملەرنى ئاپتۇ يېنىغا؟
مەنمۇ تاپتىم ئۆز خىلىمنى،
ئوت يېقىلسۇن جېنىغا.

ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئېيتمىدىڭمۇ،
يارىڭ بولاي دەپ؟
ئەمدى كۆڭلۈك ئۈنىدىمۇ،
جۇدا بولاي دەپ؟

كېلەر دەپ تەمە قىلما،
كەتكىنىم شۇدۇر.
ئاشىق ئويناپ مۇرادىمغا
يەتكىنىم شۇدۇر.

بۇگۈن ئايغا ئالتە دەيدۇ،
سانىسام يەتتى.
بىۋاپاغا ئاشنا بولسام،
تاشلىدى، كەتتى.

مەن كەلدىم قۇياش بىلەن،
كۆزۈم تولدى ياش بىلەن.
ئىشمۇ ئۆتتى ۋاقتىدىن،
ئۇ تېخى كېڭەش بىلەن.

قۇلاقتىكى ھالقاڭنى
ئاي شەكىللىك سوققانمۇ؟
ئانام مېنى ئارزۇلاپ،
سېنىڭ ئۇچۇن تۇغقانمۇ؟

قارىمايلا ئۆزلىرى،
تىنچ قوندىمىكىن بويلىرى؟
ماڭىمۇ مايىل ئەمەس،
مەشرەپتە قىلغان خۇيلىرى.

شاخ ـ شېخى بولغان بىلەن،
مېۋىسىز بولسا بىكار.

ئايدەك يۈزى بولغان بىلەن،
ئەقىلسىز بولسا بىكار.

ساماندەك سارغىيىپ بولماس،
بۈلۈتتەك ئاقىرىپ بولماس.
خۇدا بەرگەن ئەزىز جاننى،
يامانغا خار قىلىپ بولماس.

قاراخۇنلارنىڭ سۈيى،
ئاقىدۇ تارام - تارام.
ئاشىقىغا كۆيمىگەننىڭ
يېگەن - ئىچكىنى هارام.

يارنىڭ هەيران بېغىدا،
ساقلىغان كەپتەرى بار.
كۆڭلىنى خەققە بېرىپ،
ماڭا يامان گەپلىرى بار.

قاش قاراسى مەندە دەپ،
قاشىڭغا مازۇز بولمىغىن.
بارچە دۆلەت مەندە دەپ،
دۆلەتكە مازۇز بولمىغىن.

قىپقىزىل بۆكنى كىيىپ،
سەن ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ.
چېغىچە يارنى كۆرۈپ،
بىزنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

كىردى شەيتان بۇ كۆڭۈلگە،
مەن نېچۈك سەۋر قىلاي؟
سۈرە ياسىننى ئوقۇپ،
شەيتانغا مەن جەبىر قىلاي.

دېپىڭىز قوي تېرىسى،
مەيدىڭىزگە ياقىسىز.
ئەقلىڭىزنىڭ يوقلۇقىدىن،
ھەممە خەققە باقىسىز.

كېچىسى يار سەۋداسى،
ئەتىسى ئەل غوۋغىسى.
بىۋاپا سەن يارنى دەپ،
قاچتى كۆزۈمنىڭ ئۇيقۇسى.

ئويىنغۇچتەك سارغىيىپ
ياتسام، كېلىپ بىر كۆرمىدىڭ.
ھەقتا ئاللاغا شۈكۈر،
سەن كەلمىسەڭ مەن ئۆلمىدىم.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئەتىرگۈل كۈلۈپ تۇرۇر.
مېنى لايىق كۆرمىسەڭ،
سېنى خۇدايىم ئۇرۇر.

سەھەردە توخۇ چىللايدۇ،
قانىتىنى قاقمايدۇ.

نېمە بولدى يارىمغا،
بىر قاراپمۇ باقمايدۇ.

يار، خاراب ئەتتىڭ مېنى،
جىگەر كاۋاپ ئەتتىڭ مېنى.
خويمۇ خىياللاردا يۈرۈپ،
سەن بىر بالا ئەتتىڭ مېنى.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
يەرگە توك - توك چۈشۈپتۇ.
قاملاشمىغان يىگىتكە
ئەجەب كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

تاغلار بېشى تۇمانسىز،
كۆيۈپ قالساق تۈيمايسىز.
بىزنى يارغا قاتمىغان
كۆڭلى قارا ئىمانسىز.

قىرسايىنىڭ يوللىرىدا
ئالتە داۋان، يەتتە خادا.
يارنىڭ ئۇرغان شاللىقىدىن،
مەيدەمدە بار مۇشتتەك گادا.

يۈرىكىم پىژ - پىژ قىلادۇ،
ئوتتىكى ياغدىن بەتتەر.
سەن مېنى ئاۋارە قىلما،
شۇنچە كۆيگىنىم يېتەر.

شاتىۋار گۈللۈك نىمە،
باھاسى ئۈستۈن، بەش تەڭگە.
يارىم دەپ يۈرۈپتىمەن،
ئىتتىرىۋەتتى ئۆستەڭگە.

دەردىم مېنىڭ تولىدۇر،
ئىچىمگە پاتماي تۇرىدۇ.
شۇغىنا يارىم مېنىڭ
ھالىمغا يەتمەي تۇرىدۇ.

مېنىڭدىن يامانلاپ يۈرمە،
ئانچە ـ مۇنچە ئويناپ قوي.
بارچە ئىللەت ئۆزۈڭدە،
پېشانەڭنى سىلاپ قوي.

لاچىنىڭ ئالالامدۇ
قانىتى ئالا غازنى؟
يارغىنەم دەپ ئۆتتۈڭمۇ،
گېپىدە تۇرمىغان مازنى؟

تاغقا چىقتىم، كېيىك ئاتتىم،
تاغچى پالۋانلار بىلەن.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ،
بىۋاپا يارلار بىلەن.

ئالما گۈلىدەك چەندان،
گۈل بەرگىدەك سارغايغان.

يول يىراقىدىن قورقۇپ،
بىچارە بولۇپ ياتقان.

ئىشىكتىن چىقاردى باشىنى،
كۆرسەتتى قەلەم قاشىنى.
ئەقلى يوق باينىڭ قىزى
تونۇمايدىكەن ئاداشىنى.

بۇگۈن ئايغا ئون سەككىز،
بىزنىڭ يار، ئەجەب كەپسىز.
باشقىلاردىن ئاڭلىسام،
سىز مېنى يامان، دەپسىز.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
سايلاردا گۇگۇگلاپتىمەن.
بىۋاپا يار، سەن ئۈچۈن،
زارۇ زار يىغلاپتىمەن.

بارمىغۇرەي، بارمىغۇر،
بارغان يېرىدىن يانمىغۇر.
بىزنى يوللارغا قاراتتى،
ئاشىق دېگەن تويمىغۇر.

يار بارسا بارايىنمۇ،
يولىغا قارايىنمۇ؟
كەلمەس يارنى ساقلاپ،
ئاۋارە بولايىنمۇ؟

گۈلمۇ دەپ سۆيدۈم سېنى،
گۈلدىن بەتتەر قىلدىڭ مېنى.
سۆيگىنىم ئالەمگە توشتى،
ئەمدى سۆيمەسمەن سېنى.

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن،
تېرەك ئىكەنسىز.
تاسقاپ قويغان ئۈن دەپتىمەن،
كېپەك ئىكەنسىز.

ئۈچتىن - ئۈچتىن تۈگمە تۈگدۈم،
ئالتە ئەمەسمۇ.
ئالتە ئاي يازدىن ئەگەشكىنىم
زايە ئەمەسمۇ.

قايىنىمغان قازانلارنىڭ
بويىغا چۈشتۇق.
ئۈندىمىگەن چوكانلارنىڭ
تورىغا چۈشتۇق.

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتاپلىرى
چۈش ۋاختا خاپا.
بۇنداق بولۇپ يار تۇتقۇچە،
جانلارغا جاپا.

بىزنى - سىزنى يورۇتمىدى،
خالايىققا چېقىپ.

بۇ گەپلەر ئۇچۇن ئۆلەيمۇ،
دەرياغا ئېقىپ.

مېنى تاشلاپ كەتكىنىڭنى
ئۇنۇتمىغايمەن.
ئەمدى كەلسەڭ مۇرجۇقۇمغا،
يولاتمىغايمەن.

يولاتمىساڭ يولاتمىغىن،
خۇدايىم باردۇر.
ئاخىرەتكە بارغان چاغدا،
سوراقىم باردۇر.

داچۇ كىيگەن بۇ چوكانلار
ئۆتتى بۇياقتىن.
ئاشىق ئويناپ بۇنداق بولسا،
كەچتىم بۇ جاندىن.

بارۇرمەن دەپ، تۇرۇرمەن دەپ،
يالغاندىن ئېيتقان.
بارۇر - تۇرۇر يوللىرىغا
ئازغان تېرىتقان.

سېنىڭدەك سەندىنى
سەنمۇ دېمەسمەن.
قەنت - ناۋات بەرسەڭ،
ھەرگىز يېمەسمەن.

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارىماڭ بىزگە.
چۆلدە قالغان ئاچ بۆرىدەك
ئالايماڭ بىزگە.

بارغىنىڭدىن، تۇرغىنىڭدىن،
كەتكىنىڭ ياخشى.
يار دەردىنى تارتقىنىڭدىن،
ئۆلگىنىڭ ياخشى.

دۇنيا ئۆزى بىر پەلەك،
باشتىن ئەگىپ ئۆتكۈدەك.
يۈز - كۆزى قىزىل ئالا،
بۇركۇت ئالغان تۈلكىدەك.

چۆلدە قالغان ئۆردەكنى
لاچىن ئالۇر، بۇركۇت ئالۇر.
چوكانلارنى خارلىغانلار
ئاخىر پۇشايماندا قالۇر.

دۆڭمۇدۆڭ ئاراسىدا
ئاتلار چىپىپ ھارغان ئەمەس.
بەندىسىگە خۇدايىم
بۇنداق بالا سالغان ئەمەس.

دوزاخ يۈزلۈك دۈشمىنىڭدىن
ئۇيانمۇ قاچ، بۇيانمۇ قاچ.

ئەلىمىگە پايلىمىسالڭ،
يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇلارنى چاچ.

قاشىنىڭ قارىسى سەندە،
سەن يارىمغا مەن بەندە.
قاشنى ئىرغىتىپ قويسام،
ئۆزى كەلگەن شەرمەندە.

كەتتى، كەتتى دېسىنا،
يەمشىگە كەتتى دېسىنا.
ئەمدى كەلمەس دېسىنا،
كەتكەنلىرى شۇ دېسىنا.

قامچا گۈل بويۇڭنى سوزما،
ئېگىز - ئېگىزلەرگە قاراپ.
ئەتىۋارىڭ قالمىدى،
تۈرىسەن يەرگە قاراپ.

قوناق تىكتىم بىر دانە،
ئۈنۈپ بولدى مىڭ دانە.
هارامزادە سەتەڭلەر
بولۇپ قاپتۇ دىۋانە.

باغچىغا ئانار سالدىم،
تۈۋىنى قىرىم قىلىپ.
يەنە نېمە سۆزلەيسەن،
يۈزۈڭنى قېلىن قىلىپ؟

ئۇرۇمچىدىن كەلگۈچە،
سەگۈگە يۆلەنگەنمۇ؟
ئۆيىڭىز مۇزلۇق ئىكەن،
شەيتاندىن تۆرەلگەنمۇ؟

ئاتچىلار ئات ھەيدىدى،
مۇزداۋان تاغى بىلەن.
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن،
بىر يامان داغى بىلەن.

مەھەللەڭگە مەن باردىم،
يارىم سىپتى كۆرەي دەپ.
ئوتتۇڭنى ماڭا سالدىڭ،
ئەمدى قىلدىڭ ئۆلەي دەپ.

چاقىم تاناپ تاشلايدۇ،
كۆڭلۈم ھەريان باشلايدۇ.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسەم،
ئاپىرىپ چۆلگە تاشلايدۇ.

ئايمۇ چۈشتى ئايۋانغا،
كۈنمۇ چۈشتى ئايۋانغا.
كۆڭۈل بەردىم نىمىشقا،
كۆڭلى ئەسكى ھايۋانغا؟

كۆچەت تىكتىم باغ بولدى،
ئوينايدىغان چاغ بولدى.

يارىم قىلغان ئاھانەت
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

قارا قاشنى قاش دېمەڭ،
قارىسى كۆمۈرچىدۇر.
كونا يارنى تاشلىساڭ،
يېڭىسى ئالدامچىدۇر.

سارايىم بار، سارايىم،
قارا ياغاچتا سارايىم.
ئاخشام بارسام چىقمىدىڭ،
ئۆتۈپ كەتتى قارايىم.

ئالما چېچىكى باغدا،
سۈمبۈل چېچىكى باغدا.
ئوسال قىزنى يار تۇتماڭ،
جىگدە پۈتىغان چاغدا.

دەريا بويىدا تاللار،
تاللىۋالدىم تالىمنى.
بىزنىڭ بىۋاپا يارلار
سورىمايدۇ ھالىمنى.

گۈل قىستىم قۇلاقىمغا،
پاتمايدۇ سىياقىمغا.
سەن قىلساڭمۇ قىلغاچ تۇر،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

قولىدا پەرەڭ ياغلىق،
يارىم كۆزىدە ياش بار.
يار كۆڭلى بۆلەك ئىكەن،
باغرىدا قارا تاش بار.

باغدىكى چىنار تۈۋىدىن
يىغىۋالدىم غازاڭنى.
مېنى شۇنچە يىغلاتتىڭ،
خۇدا بېرەر جاجاڭنى.

شاپتۇل شېخىنى ئەگدىڭمۇ،
ئانار شېخىنى ئەگدىڭمۇ؟
يوقسۇل كۆرۈپ سەن مېنى،
پۇلى بارغا ئەگدىڭمۇ؟

قوغۇنلۇققا قارىسام،
قوغۇندىن تولا سويما.
مەن سىپىنىڭ خىلىڭ ئەمەس،
باشقىنى تېپىپ ئوينا.

سايدا ئۆسكەن تېرەكنىڭ
سايغا چۈشەر شولىسى.
ۋىجدانسىز قارا يۈزنىڭ
سۇغا چۈشەر چالمىسى.

ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
ئاھلىرىمنى بىلمىدىڭ.

بۇلاق بولدى كۆزلىرىم،
ياشلىرىمنى كۆرمىدىڭ.

ئۇلۇغ سۇدىن ئۆتەلمەي،
قاش ياقىلاپ يۈردۈڭمۇ؟
ۋاپادارىدىن يۈز ئۆرۈپ،
ۋاپاسىزغا تويدۇڭمۇ؟

ئۆرۈكلەر پىشىپ قاپتۇ،
خالىسام كىرىپ يەيمەن.
ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە،
ئاتاڭغا بېرىپ دەيمەن.

قاشىنىڭ قارىسى سەندە،
كۆزنىڭ قارىسى سەندە.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان
يۈزى قارا شەرمەندە.

يارنىڭ بېغى چامغۇرلۇق،
ئۇدۇل كەلسە ماڭغۇلۇق.
يار كۆڭلىدە جىن بولسا،
بىر قاراپلا يانغۇلۇق.

سايراپ نالە قىلادۇر
قەپەستىكى تۇمۇچۇق.
مېنى مۇنچە قىينىماي،
راست گېپىڭنى قىل ئوچۇق.

پەستە بوٗغداي تېرىسام،
بوٗغداي ئەمەس، ئارپىكەن.
كۆرمەي توٗروٗپ ئۆيلەنسەم،
يەر بىلەن تەڭ پاپىكەن.

ئۆشنەڭدە سېۋەت باركەن،
تەرگەنلىرىڭ تېزەكمۇ؟
خېلى بولدى قاقشاتتىڭ،
ئىشلەپ بەرگەن بوزەكمۇ؟

ئات مىنىپ، كىمخاب كىيىپ،
يارىم مېنى كۆيدۈرگۈدەك.
ھەممە جايدىن يار تۇتۇپ،
قىيناپ يۈرۈپ ئۆلتۈرگۈدەك.

گۈل ئىشقىدا گۈل كۆيدى،
گۈلنى ئاخشام كىم سۆيدى؟
گۈل دېگەنمۇ پەس ئىكەن،
نەشىكەش ھېكىم سۆيدى.

ياش ئۆمرۈم سېنى دەپلا،
بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى.
ئېچىلغان قىزىلگۈلۈم،
ئىشقىڭدا توزۇپ كەتتى.

ئۇگۇت قۇيدۇم توٗگمەنگە،
ئىجارىسى بەش تەڭگە.

ئاق جۇۋانغا دوست بولسام،
ئىتتىرىۋەتتى ئۈستەڭگە.

سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟
كۆز يېشىنى قۇرۇتتۇڭمۇ؟
بىزنى يامان دەپ بىرىپ،
باشقا بىرىنى تۇتتۇڭمۇ؟

دۇلدۇل ئېتىم چاپمىدۇ،
بۇلبۇل قانىتىنى قاقىدۇ.
تاشلىۋەتسەڭ تاشلىۋەت،
بىزنى خۇدايىم باقىدۇ.

بىزنىڭ مەھەللە بوستانلىق،
كاككۇك كېلىپ قونمايدۇ.
سەن خېنىمنىڭ دەردىدە
كۆڭۈل ئارام تاپمايدۇ.

دۇتارىمۇ ساز باللا،
راۋابىمۇ ساز باللا.
قىزىلگۇلدەك يارىنى
سۆيەلمىگەن ماز باللا.

قىزىلگۇللەر ئېچىلسا،
رەيھانگۇلگە نېمە بولدى؟
باشقىلار بالدۇرقىدەك،
ئىككىمىزگە نېمە بولدى؟

تۈگمىنىڭگە بارمايمەن،
ئۇن توزۇيدۇ ياقامغا.
ياردىن كۆڭلۈم ئاغرىسا،
قارىمايمەن ئارقامغا.

ئەتىگەن تاڭ سەھەردە،
شاخ تاشلايمەن ئوغلاققا.
كۆڭۈل دېگەن نىجىسنى
باغلاپ قوياي توغراققا.

ئوڭ قولۇڭدا ئۇن ئۈزۈك،
چەپ قولۇڭدا بىلەزۈك.
مېنى سۆيگەن لېۋىڭدە
كىمنى سۆيدۈڭ ئاق سۈزۈك؟

كۈنگە قاراپ چۈشكۈرۈپ،
كۆزۈڭنى خۇمار قىلما.
مەن باشقىدىن يار تۇتتۇم،
ئەمدى سەن تەمە قىلما.

باغىڭدىكى ئالماڭنى
ئۈزمىسەم بولار ئىكەن.
باشتا مەن ئۇنى بىلسەم،
يۈرمىسەم بولار ئىكەن.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
ئاچقان سۈلىرىڭ شۇمۇ؟

مېنى يامان دەپ بېرىپ،
تۇتقان يارلىرىڭ شۇمۇ؟

ئاق بېلىق، ئاپئاق بېلىق،
ئاپتاپتا ياتقانىڭ قېنى؟
مېنى يامان دەپ بېرىپ،
ياخشىنى تاپقانىڭ قېنى؟

مەن بېلىمنى باغلىدىم،
سىم بىلەن، سىملار بىلەن.
مەن كېتەرمەن، سەن قالارسەن،
نەدىكى شۇملار بىلەن.

ئالمىنى بېرىڭ دەيسىز،
بەرسەم كىم بىلەن يەيسىز؟
يار قەدرىنى بىلمەيسىز،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسىز.

قاشىڭ قارا بولغۇچە،
كۆزۈڭ قارا بولسىچۇ.
مەندەك ياردىن كەچكۈچە،
يۈزۈڭ قارا بولسىچۇ.

ئېگىز دۆڭدە ئۆيىڭىز،
قاۋاپ چىقتى سېگىڭىز.
ۋەدە قىلغان ئۆزىڭىز،
يالغانىكەن سۆزىڭىز.

سوپسوپياڭ باغدا سايرايدۇ،
بىردەم ئارام ئالمايدۇ.
بىزنىڭ خېنىم تاش يۈرەك،
باغرى ھەرگىز سۇنمايدۇ.

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى قىزىل، تۆتى ئالا.
موردىن چىققان تۈتۈندەك
يۈزى ئاق، كۆڭلى قارا.

قىزىلگۈل ئاراسىدا،
گۈللەر تېرىپ ئوينايلى.
ۋىجدانسىزدا ۋاپا يوق،
راۋاب چېلىپ ئوينايلى.

ئاتلىرىمنى ھەيدىدىم
ئاتچاننىڭ سېيى بىلەن.
ياخشىنى قىينايدىكەن
يامانىنىڭ خۇيى بىلەن.

يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
زىلۋا بويىدا خال بار.
مېنى تولا قاقشاتقان
دۆڭ مەدرىسىدىكى كالۋا.

ياقىڭىز پاڭچۇ ئىكەن،
ئۇستام ئۆزى ئويغانىكەن.

سۆزىڭىز ئوبدان ئىكەن،
ۋەدىڭىز يالغانىكەن.

ئاق تەڭگە ئۈزۈك ئالسام،
كۈمۈشلىرى يالغانىكەن.
يارىڭ بولسا مەزمۇت تۇت،
كۆلۈشلىرى يالغانىكەن.

بىر بىرىپ، ئىككى بىرىپ،
قالمىدى ئۆتۈك پاشنىسى.
بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس،
ئۇچرىدى يارنىڭ ئاشنىسى.

كۆك قومۇشقا ئوت قويسام،
سارغىيىپ كۆيسە ئىكەن.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
ئايرىلىپ ئۆلسە ئىكەن.

ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ،
ئۆيىڭىزدە يوقمىدۇ؟
بىر كېتىپ ئۇنتۇدىڭىز،
كۆڭلىڭىزدە يوقمىدۇ؟

ئات مىنىپسىز يۈگەنسىز،
مىنىپ بېقىپ بىلگەنسىز.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
يالغۇزغىنا يۈرگەنسىز.

ئاق ئالماڭنى ئۈزمەيمەن،
ئېتىكىمنى لاي قىلىپ.
سەندەك يارنى سۆيمەيمەن،
يۈرىكىمنى قان قىلىپ.

قارا كۆزۈك قايناشۇ،
چاچىڭ بەلگە چىرماشۇ.
ئون بەش كۈندە بىر كەلسەم،
داڭلىق يارنىڭ هالى شۇ.

ياغلىقىمنى يۇدۇرۇپ،
قومۇش چىتقا يايدۇرۇپ.
مەندە قەستىڭ بارمىدۇ،
شۇنچىلا يول ماڭدۇرۇپ؟

تاۋار كەسكەن قايچىمىسەن،
دۇردۇن كەسكەن قايچىمىسەن.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
قېچىپ كەتكەن يارىمسەن.

ئىشىك ئالدىدا تېرەك،
كېلىپ كەتمىگەن، يارىم.
ئاغزىدا دەپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

ئا ئېتىزمۇ گۇرۇنچى،
ما ئېتىزمۇ گۇرۇنچى.

چوڭ گەپ قىلغان خېنىملار
پاچىقىمىزغا ئۇرۇنچى.

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ،
مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

يارىمنىڭ ئاناسى يوق،
بېلىدە پوتاسى يوق.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

دەردى بارەي، دەردى بار،
شۇل خېنىمنىڭ دەردى بار.
دەردى بولغاچ سارغىيىپتۇ،
ھەر تەرەپتە يارى بار.

ئېگىز ئۆستەڭ يار كېتىپتۇ،
كۇندە كېلىپ قاشلىغىن.
بىۋاپا يار تۇتقۇچە،
تاماكا چېكىپ تاشلىغىن.

يېقىن كەلگەن كىشىنى
سۆيدۇرەرسىز.
يىراق كەلگەن كىشىنى
كۆيدۇرەرسىز.

غۇلام - غۇلام قىشىڭىز،
شۇڭقار كۆزلۈكۈم.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان
ئىككى يۈزلۈكۈم.

يار تېپىپتۇ باشقىنى،
بىلگەندىن خەۋەرلەندىم.
خەقلەر غەيۋەت قىلمىسۇن،
دەرد بىلەن زەھەرلەندىم.

باغدىن تەردىم ئۈرۈكچە،
چېقىپ يېدىم تويغۇچە.
ئۆلسەم رازى، جېنىمنى
مۇشۇ كۆڭگە قويغۇچە.

پەس سايان ئاققان سۇدەك،
ئاقتى كۆزۈمدىن ياشلىرىم.
يار ئۈچۈن تارتىپ ئەلەم،
ئاقاردى قارا چاچلىرىم.

ئاللا ھەي باللا، ھەي باللا،
ئاللا ھەي باللا، ھەي باللا.
بىزنى كىم دەپ سورىماڭ،
ئەلەم ئىزدەيدىغان باللا.

ئاتىمنى مىنىپ چىقىپ،
دۆڭدىن ئاشۇراي دەيمەن.

يارنىڭ سالغان دەردىگە،
ئوغا يەپ ئۆلەي دەيمەن.

ئالما شېخى ئېگىز ـ پەس،
ئېگەي دېسەڭ ئېگىلمەس.
مېنى ئالدىغان يارنىڭ
بۇرۇندىنلا كۆڭلى پەس.

بارايلى دېگەن يەرگە،
بىللە بارمىغان يارىم.
بارمايلى دېگەن يەرگە،
بارماي قالمىغان يارىم.

گۈلچىمەندە بۇلبۇلنىڭ
دەردى قانچە بىلەمسەن؟
بار گۇناھنى سەن قىلىپ،
يۈز كۆتۈرۈپ يۈرەمسەن؟

ئەتىياز كەلدى ماڭا،
تېرەك تەڭگە، تېرەك تەڭگە.
بىزنى تاشلىغانلارنىڭ
تاللاپ تاپقىنى بەڭگە.

ئىشىكنىڭ ئالدىدا كات بار،
كاتنىڭ يانىدا ئات بار.
ماڭا مۇنچە ئەلەم قىلماڭ،
يېتىپ ئاشقۇدەك دەرد بار.

غەلۋىر سالدىم بوغدايغا،
دان ـ دىنىنى ئىلغىدىم.
دەرد ئۈستىگە دەرد تارتىپ،
كىچە ـ كۈندۈز يىغلىدىم.

غىچىر ـ غىچىر چىغرىقىم،
بۆلەر پاختا ـ چىگىتنى.
چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ،
كۆرەلمىدىڭ يىگىتنى.

خوپ ياسىنىپ چىقىپسەن،
تار كوچىغا ماڭدىڭمۇ؟
تەتۈر بويۇن تولغايسەن،
ئۆز ۋەدەڭدىن ياندىڭمۇ؟

چوكانلارنىڭ نىمىسى،
قوللىرىدا خىنىسى.
خىنە قويسا قويمامدۇ،
يۈز ئۆرۈگىنى نىمىسى؟ !

مىنىۋاپلا جەدىگە،
تىگىۋاپلا پەدىگە.
قاچانغىچە پايلامىز،
بىۋاپانىڭ دەردىگە؟ !

تاشلىق يەرنى تاتىلاپ،
تارماقنىڭ چىشى سۇندى.

ئەتىۋارلىغان يارلار
بوينۇمغا ئەجەب مىندى.

ئىشىك ئالدىمدىن ئۆتمەيسەن،
ھارۋاڭ سۇندىمۇ، يارىم؟
مەندىن ئايرىلىپ ئەمدى،
كۆڭلۈك تىندىمۇ، يارىم؟

ئەتىياز بولار ـ بولماي،
قويغان ئوسمىڭىز نەچچە.
بىزدىن ئايرىلىپ، يارىم،
تاپقان ئاشنىڭىز نەچچە.

ئايۋان ساراي سالدۇردۇم،
نەقىش ئويۇپ، نە قىلىپ.
نىمە قەستىڭىز بارتى،
بىزنى مۇنچە تە قىلىپ؟

ھالى بوش، مىجەزى يوق،
نەپ تەگكەنمىكىن يارغا؟
غەيرىيگە قاراپ قاپتۇ،
نەپ تەگكەنمىكىن يارغا؟

يار نىمىشقا جىم بولدى،
گەپ قىلمايدۇ، كۈلمەيدۇ؟
قارىمايدۇ، نىم بولدى،
قارىسىغا كۆنلەيدۇ؟

چوڭ بازاردىن ئالغانمۇ
بېشىڭدىكى تەلپەكنى؟
ئەمدى يارىم دېمەيمەن،
ئىش ئۇقمىغان تەتەكنى.

بېلىڭدىكى كەمەرنىڭ
نەگە كەتتى توقىسى؟
ئۇتقان يارىڭ شۇمىدى،
پاينەك ئىكەن چوققىسى.

تۆپىلىككە گەمە قازدىم،
جىراغا قوتان راسلاپ.
بۇۋاپانىڭ ئارقىسىدىن
يۈرەرمەنمۇ پايپاسلاپ؟

ئاتقا يۈكنى ئارتقۇلۇق،
تۆشتارتقۇنى تارتقۇلۇق.
يارىم بىۋاپا چىقتى،
ماڭا نېمە تارتقۇلۇق.

توسمىنى ئېگىز قىلدىم،
ئېتىزغا سۇنى باشلاپ.
تاشبالىغدىن ئۇتقان يار
كەتتى ئاقىۋەت تاشلاپ.

سەمەن تورۇق بوز ئايغىر
كۈمۈش جۈجەي يۈگەنلىك.

يار ئۆزىنى چوڭ تۇتسا،
ئايرىلارمىز تۇگەللىك.

قاشقا تېرىغان ئۇسماڭ
چالا قالماي ئۈندىمۇ؟
مەندىن ئايرىلىپ، يارىم،
ئەمدى كۆڭۈل تىندىمۇ؟

يامغۇردا چۇشۇپ كېتتى،
ساي چاپلىغان لاي سۇۋاق.
قەدرىمىزگە يەتمىدى،
غەرەز ئۇقماس توم توۋاق.

بۇلبۇل سايرىدى، يارىم،
كاككۇك سايرىدى، يارىم.
بىزنى ئەسكى دەپ چاغلاپ،
تاپقان ئاشنىڭىز قارىم.

خاماندىكى بۇغداينىڭ
تەڭدىن تولىسى چاركەن.
گېپىنىڭ تۇتامى يوق،
يارنىڭ ۋەدىسى جاكەن.

ئۆگزىڭىزنى ياپقىلى
تېپىلمايدۇ تۇز بالا.
تېگىمۇۋاپسىز چاكوغا،
يوقتىكىدەك ئۇز بالا.

چاپىدىمۇ ياتقۇلۇق،
چاچاتىپمۇ ياتقۇلۇق.
ۋاپاسىزنىڭ دەردىدە،
ماڭا نىمە تارتقۇلۇق؟!

مەلەڭگە تولا قاتراپ،
چەمەك پۇتۇم قايرىلدى.
ئارۇنغىنا ئىشنى دەپ،
يارىم مەندىن ئايرىلدى.

شالتاق يۇقتى كۆڭلەككە،
چىۋىن قوندى ئەينەككە.
قارايدىغان كۆزۈم يوق،
ۋاپاسى يوق پاينەككە.

سۇتلۇك چاي قۇيالمايمەن،
پىننە دەملەپ ئىچەملا؟
بۆلەك بىرنى تىپىپلا،
ئەمدى بىزدىن كېچەملا؟

كالتە ساق چورۇق كىيىپ،
سونجاقتا دەسسەپسىز، غوجام.
بىۋاپا يارنى سۆيۈپ،
ئارماندا ئەسنەپسىز، غوجام.

قوزا، ئوغلاق باققۇم يوق،
سارايىڭدا ياتقۇم يوق.

چۇشمى تامدا ئويىنىغان
يار دەردىنى تارتقۇم يوق.

چۇشمى تامدا ئۆزىڭىز،
بىزدە ئەمەس كۆزىڭىز.
ئېسىڭىزدىن چىقتىمۇ،
باشتا قىلغان سۆزىڭىز؟

بىر قونۇپ يېتىپ كەلدىم،
قەشقەردىن مەن يەكەنگە.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
جىگدە سالدى بۆكەمگە.

گۇلە ئالسام بازاردىن،
خۇۋەينى ئەمەس، خەشەككەن.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
ئادەم ئەمەس، ئېشەككەن.

گۇل باغىمنىڭ ئىچىدىن،
قاقمىغان قوزۇق چىقتى.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
ھەممىدىن بۇزۇق چىقتى.

ئارشىنىڭ دەرەخلىرى
ئېگىلەيمۇ دېمىدى.
يېڭىدىن بىر يار تۇتسام،
بىر سۆيەيمۇ دېمىدى.

خېلى بولدى كەتكىلى،
كېلىڭ يارىم دېمىدىڭ.
تۆڭكىدا كۆمەچ قويۇپ،
ئېلىڭ يارىم دېمىدىڭ.

مەن ئۇ يەرنى تۇز دېسەم،
تۇز ئەمەسكەن، داۋانكەن.
مەن يارىمنى قىز دېسەم،
قىز ئەمەسكەن، جۇۋانكەن.

مەن بازارغا بارمايمەن،
سودىگەرگە قەرزىم بار.
قىز ئالسام جۇۋان چىقتى،
قېيناناامغا ئەرزىم بار.

ئاق ئايدىڭدا بارسۇن دەپ،
سالام يوللىغان يارىم.
مەن بارسام ئۆزى چىقماي،
كۇندە گوللىغان يارىم.

ئىشقىم تاشىدۇ شۇنچە،
ئويلىغانسېرى سىزنى.
ئۇۋالىم كېلەر سىزگە،
گوللاپ قويسىڭىز بىزنى.

ئۆستەڭ قېشى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.

مېنى سۆيگەن لېۋىڭدە،
كىمنى سۆيدۈڭ، قەلەم قاش؟

ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
ئونىلىسى تىللا كۆز.
مېنى سۆيگەن لېۋىڭدە،
كىمنى سۆيدۈڭ قارا كۆز؟

گۈلنى گۈلگە بەردىڭىز
گۈلنى تىكەنگە بەردىڭىز.
ماڭا كۆيگەن كۆڭلىڭىزنى
ئەمدى كىمگە بەردىڭىز؟

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى قارا، تۆتى ئالا.
سەككىز ئاي ئوتۇڭدا كۆيسەم،
بىلمىگەن كۆڭلى قارا.

تۈگلۈكتىن تولا ماراپ،
ئۆگزەمنى كامار قىلما.
باشقا يار تۇتۇپ بولدۇم،
ئەمدى سەن تەمە قىلما.

ئۈرۈمچىدىن كەلگۈچە،
ساناپ ئۆتتۇم خۇمداننى.
بىزنى يامان دېگەنلەر
تېپىۋالسۇن ئوبداننى.

ئۇ يانىمدىن ئۆتكەنلەر،
بۇ يانىمدىن ئۆتكەنلەر،
بىزنى يامان دېگەنلەر،
ئەقلى يوقلار، دېۋەڭلەر.

لاختىمۇ لاختا، بىرلا لاختا،
كۆۋرۈكۈڭ تۆمۈر تاختا.
بىزنى يامان دېگەنلەر،
قان قۇسسۇن ئۆلەر ۋاختا.

تامغا چىقسام تەڭلەتە،
سالقىن شامال راۋانكەن.
سەھەرلىقتىن يار تۇتسام،
ئۆزى كىچىك نادانكەن.

بىزنىڭ باغدا ئەتىرگۈل،
ئەتىرگۈلنى پۇرامسەن؟
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ،
گۆھەرنى تاشقا ئۇرامسەن؟

چىلگە سارغىيىۋالدى،
كېۋەزلىكتە پىلەكتە.
چاقىرساممۇ كەلمىدىڭ،
دەردىم تولدى يۈرەككە.

چاپىنىمنىڭ ياقىلىقىدىن،
ئالا ئاتنىڭ تاقىلىقىدىن.

شەرىڭدىن كېتەي دەيمەن،
بىۋاپانىڭ خاپىلىقىدىن.

ئېسىل دوپپا كىيدىم دەپ،
كىيگەنلىرىڭ ئۆرۈمە.
مېنى يامان دەپ بېرىپ،
سۆيگەن يارىڭ سۆرەلمە.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
تاش تىزغاننى كۆرەلا.
مېنى يامان دېسىلە،
يار تۇتقاندا بىلەلا.

سېرىق سۆگەت ئاستىدىن،
سايە تاپتىڭمۇ، يارىم؟
بىزنى يامان دەپ بېرىپ،
پايدا تاپتىڭمۇ، يارىم؟

ئاناڭ قىچقاردىمۇ، كاككۇك،
داداڭ قىچقاردىمۇ، كاككۇك؟
قەپەسنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كاككۇك.

ئۇچۇپ ئاسمانغا چىققاندا،
لاچىن سوقسۇن سېنى، كاككۇك.
يېنىپ دەرياغا چۈشكەندە،
لەھەڭ يۇتسۇن سېنى، كاككۇك.

ئەتىگەندە قارىسام،
ئىشىك يېنىدا ئىزىڭىز.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
تاشلىۋەتكەن ئۆزىڭىز.

ئەتىگەندە شامالدا،
يەلپۈندۇ چېچىڭىز.
ئۆزىڭىز كىچىك تۇرۇپ،
يامان ئىكەن ئوتىڭىز.

ۋاپا ئىزدەپ جاپا چەكتىم،
جۇدالىق توستى بەختىمنى.
نادانلارغا كۆڭۈل بەرسەم،
چۈشەنمەي كەتتى كۆڭلۈمنى.

مۇھەببەتنى ئاسان چاغلاپ،
غازاڭ قىلدىم باھارىمنى.
ئەجەب سەزمەپتىمەن باشتا،
پۇشايمانغا قالارىمنى.

ئۆتەرمەنمۇ نادامەتتە،
ۋاپاسىز يار بىلەن ئويناپ؟
چىرايىم زەپىران بولدى،
بەختسىز كۆنلەرنى ئويلاپ.

تاپارمەن قايسى شادلىقنى،
ئۆزۈمنى شۇنچىۋالا خارلاپ؟

پېشانەمگە پۈتۈلگەندۇ،
ئەمدى نە قىلاي زارلاپ.

ياغلىقىم قارا دۇردۇن،
مەن بېلىمگە قىستۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى
ئالتە ئاي بولدى ياندۇردۇم.

قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلىۋەتتىڭىز.
يوقمىكىن خۇدايىمىز،
زارى زار يىغلاتتىڭىز.

ئاق ئالماڭنى تەرمەيمەن،
ئېتىكىمنى لاي قىلىپ.
سەندەك يارنى سۆيمەيمەن،
يۈرىكىمنى قان قىلىپ.

چامغۇرلۇقتىن مېڭىپسىز،
چۇشۇپ قاپتۇ ئىزىڭىز.
مەن ئۆزۈمچە كۆيمەيتتىم،
كۆيدۈرگەنمۇ ئۆزىڭىز.

ئالما ئاتسام ئېرىققا،
سۈيى ئازكەن، ئاقمىدى.
سېنىڭ قىلغان سۆزلىرىڭ
مىجەزىمگە ياقمىدى.

ئاپئاق ئايدىڭغا چىقىپ،
ئاي كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟
كۈندە كېلىپ كۆرۈنۈپ،
خار كۆرۈندۈمۇ ساڭا؟

ياقۇت كۆزلۈك ھالقامغا
مەرۋايىت كۆز سالدۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى
ئۈچ ئاي بولدى ياندۇردۇم.

ئۆستەڭنىڭ سۈيى لايكەن،
كۆلگە باشلىماڭ، يارىم.
ئەقلى - ھوشىڭىز بولسا،
مېنى تاشلىماڭ، يارىم.

ئاقمىدى ئاقلاغىلى،
قوناقمىدى تاقلاغىلى؟
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغىلى؟

ئاق چۆگۈندە چاي قۇيسام،
قاينىماي تېشىپ كەتتى.
مېنىڭ بۇ ناۋات يارىم،
ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئوچاق بېشى داڭقاندا
گۆشى يوق سوغۇق شورپا.

سەندەك بىۋاپا يارنى
سۆيگىنىمگە مىڭ تووۋا.

ئاتامسەن ئاتارىڭنى،
بەتلەكلىك ئوقۇڭ يوقمۇ؟
ياخشىنى يامان دەيسەن،
ياراتقان خۇدا يوقمۇ؟

خەتنى يازدىم يارىمغا،
ئاق قەغەزنىڭ بېتىگە.
ئەمدى مەن كېتەر بولدۇم،
ئۇ جاھاننىڭ چېتىگە.

كەتسەڭ مەيلى كەت، يارىم،
ئۆز يۇرتۇمدا قالغۇم بار.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۇمنى
مەن قايتۇرۇۋالغۇم بار.

بەشتوغراقنىڭ چۆلىدە،
چۇجە يېگەن سارنى كۆرۈڭ.
چاغلىماي كۆڭۈل بېرىپ،
بالاغا قالغان يارنى كۆرۈڭ.

بىۋاپا دەپ ئاڭلىدۇق،
تاشنى يۇرەككە تاڭمىدۇق.
سەن ئەقىدە باغلىساڭ،
بىزمۇ ئەقىدە باغلىدۇق.

ئېرىقمۇئېرىق ئاتلايسەن،
يۇقىرى - تۆۋەن قاترايسەن.
ئىشىڭ ئوڭغا تارتمىسا،
ماڭا نېمە باتنايسەن؟

بىلگەن بولسام باشتا مەن،
سۆيمىگەننمۇ بولاتتىم.
ھەسرەت چېكىپ ئوتۇڭدا،
كۆيمىگەننمۇ بولاتتىم.

ياخشى بىلەن دوست بولۇپ،
يامان يارنى تاشلاڭ سىز.
بىز ئوينايلى دەپ قويسام،
ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ، قىز.

ئوچاق بېشى ئۇياقلىق،
چۆگۈندە چاي قوياقلىق.
چوڭ گەپ قىلماڭ، سەتەڭلەر،
سىزدىن بىز بەك توياقلىق.

ئاتىنىڭ ئاتلىقى باردۇر،
ناۋاتىنىڭ تاتلىقى باردۇر.
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
سەندىن داڭلىقى باردۇر.

باغدا پاختەك، سۇدا ئۆردەك،
ئۇچۇپ، ئويناپ يۈرگۈدەك.

كونا يارنى سوراپ باقسام،
شاپاق غاجاپ يۈرگۈدەك.

يېيىپ ئەتسە چۆپ بولۇر،
چېلىپ ئەتسە بۇلماق.
قايسى ئەخمەقنىڭ ئىشى،
نامەرد بىلەن ئوينىماق.

يارنىڭ ئۆيى جەينەكتە،
قەستىم ئۇنى سۆيمەكتە.
يار ئۆزىنى ماختايدۇ،
قاراپ باقسۇن ئەينەككە.

ئايمۇ چۇشتى ئايۋانغا،
كۈنمۇ چۈشتى ئايۋانغا.
ئەقىدەم بىكار كەتتى،
قەدر بىلمەس هايۋانغا.

چوڭ گەپ قىلماڭ، سىكىلەك،
ئوتىڭىزدا كۆيمەيمەن.
تاللاپ سۆيگەن يارىم بار،
سىزدەكلەرنى سۆيمەيمەن.

قاراڭغۇدا بۇغدايىنى
ساماندىن ئايرىيالمايمەن.
سەندەك بىۋاپا يارنى
ياماندىن ئايرىيالمايمەن.

ئاق ئالماڭنى يېمەيمەن،
قوش مۇشتتەك ئانارىم بار.
سەندەك يارنى سۆيمەيمەن،
قىزىلگۈلدەك يارىم بار.

تاغقا چىقتىم گەنجىگە،
ئىچىم تولدى رەنجىگە.
ئەمدى كۆڭۈل بۆلمەيمەن،
ۋاپاسىز شەرمەندىگە.

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
ئويناپ ـ ئويناپ سۇندۇرار.
بىۋاپا يار تۇتسىڭىز،
كۆڭۈلنى قاچان تىندۇرار؟

ھاۋارەڭ تونني كىيىپ،
ھاۋادا ئوينىغان يارىم.
ياخشى يار يانىدا تۇرۇپ،
ياماننى خالىغان يارىم.

ئىشىكتىن چىقىرىپ باشىنى،
ئويناتتى قەلەم قاشىنى.
ئەقلى يوق گۈيىنىڭ قىزى
تاپالمىدى ئاداشىنى.

ئەتىياز پەسلى كەلگەندە،
ئالا ئۈينى قاتتىڭمۇ؟

ئالمىدەك چىرايىڭنى
بەش تىزىغا ساتتىڭمۇ؟

باغچىغا ئانار سالدىم،
تۈۋىنى قېرىم قىلىپ.
يەنە نېمە سۆزلەيسەن،
يۈزۈڭنى قېلىن قىلىپ؟

ئېگىز ئۆسكەن ئۆرۈكنىڭ
شېخىنى قانداق ئەگدىلە؟
بىزنى ياراتماي بېرىپ،
ئاقساقالغا تەگدىلە.

بەك چىرايلىق قىز ئىكەنسىز،
سەدەپ ـ مارجانغا ئوخشايسىز.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
بەك نادانغا ئوخشايسىز.

سېرىق سۆگەت غازىڭى
تال توغراققا ئوخشايدۇ.
خىللاپ سۆيگەن يارىڭىز
دەل مايمۇنغا ئوخشايدۇ.

ئالا ئېشەك تەخىيى
ئالا قۇيرۇق دېگەندەك،
كۆڭلىڭىز سۇيۇق ئىكەن،
شامال تەگكەن يېكەندەك.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى يايلاق،
ئوتلايدۇ تۆگە - تايلاق.
ئەقىدەمنى بىلمىگەن
بىۋاپا دېۋەڭ مايماق.

ئانارگۈلى گۈل ئەمەس،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.
خەقنىڭ يارى يار ئەمەس،
ھىجىيىپ تۇرغان بىلەن.

بىزنىڭ باغدا چىلان بار،
چىلان تۈۋىدە يىلان بار.
چوڭ گەپ قىلماڭ، خېنىملار،
قورسىقىمدا پىلان بار.

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
يەردىمۇ ئاي بار ئىكەن.
مەن سېنى بەلەن دېسەم،
سەندىن بەلەن يار بار ئىكەن.

ئۇ دەرەخمۇ لىڭشىيدۇ،
بۇ دەرەخمۇ لىڭشىيدۇ.
بۇ كەمدىكى قىز باللا،
ئەر چىقمىسا غىڭشىيدۇ.

جان خېنىم، كۆردۈڭلىمۇ،
سەگۇ تېرەك بوستانلىنى؟

ئۆلمىسەك بىزمۇ كۆرەرمىز،
داڭلىغان ئاشناڭلىنى.

قارا چىراغنىڭ يانغىنىدىن
يانمىغىنىمۇ ياخشىراق.
بىۋاپانى سۆيگەندىن،
سۆيمىگەنمۇ ياخشىراق.

ئېگىز ئايۋان باشىدا
ئۈۋىلاپتۇ سالمىلار.
يانچۇقىدا بىر پۇڭ يوق،
يار تاللايدۇ لالمىلار.

ئاتقا مىندىم يوگەنسىز،
تاغقا چىقتىم داۋانسىز.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان،
يۈزى قېلىن ئىمانسىز.

پىژژىدە قىلسا يۈرەك،
كۆيگىنىمكەن دېمىگىن.
چىرايىغا قاراپلا،
سۆيگۈنۈمكەن دېمىگىن.

ئۇرۇمچىدىن ئات ئالدىم،
مىنىپ كەلدىم يوگەنسىز.
بىزدىن باشقا يار تۇتۇپ،
يۈرۈپ بېقىپ بىلگەنسىز.

گۈلە سالدىم خۇۋەينى،
پاتمىدى سارايىمغا.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرغان
تۇمشۇقى قىزىل قاغا.
نىمە ئانچە يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان يارغا؟

يارنىڭ ئۆيى خاماندا،
ئوت قالاپتۇ ساماندا.
باشتا مېنى يامان دەپ،
ئەمدى قاپتۇ ئارماندا.

قارا قالپاقنى كىيىپ،
قاراقچى بولمامدۇ كىشى.
بىۋاپا يار دەردىدە،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى.

سىزدەك يارنى سۆيمەيتتىم،
سۆيدۈرگەنمۇ خېتىڭىز.
ئايرىلىپمۇ كەتمەيتتىم،
پەقەت يوقكەن دىتىڭىز.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تېشى بار، توپاسى يوق.

بېلى بوش لەۋەن يارنىڭ
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

كاككۇكگۈلنى قىسماڭ،
توزۇپ كېتىدۇ يەرگە.
بىۋاپانى يار تۇتماڭ،
تېگىۋالىدۇ ئەرگە.

گۈلى سۆسەرنى كۆرۈڭ،
كۈنگە قاراپ قايرىلىدۇ.
بىۋاپا يارنى كۆرۈڭ،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلىدۇ.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار.
سەندەك يارنى سۆيمەيمەن،
قارا كۆز ئاداشىم بار.

ئەنجى باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
قىلىقىڭنى دېمىسەم،
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق.

باغقا كىرىمەن ئەمدى،
گۈلنى ئۈزىمەن ئەمدى.
كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن،
ئاشنا تۇتىمەن ئەمدى.

ئاتىمنىڭ تاقاسى يوق،
سايغا چۈشسە ئاقسايدۇ.
تاشلىۋەتكەن دېۋەڭ يار،
بىزنى قارغاپ قاقشايدۇ.

بۇلۇت ئەگىپ كەتمەيدۇ،
تاغ باشىدىكى قاردىن.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

سوقىلى بازغانلىنى،
چاپىلى ئازگاللىنى.
ئۆلگۈچە يارىم دېمەسمەن،
ئەقلىدىن ئازغانلىنى.

بادامدوپپا ئۆزۈمنىڭ،
بەر دېگەنگە بەرمەيمەن.
سەندىن كۆڭلۈم رەنجىسە،
بىر كەتكەنچە كەلمەيمەن.

كۆچەت تىكسەم باغ بولدى،
ئوينايدىغان چاغ بولدى.
ماڭا قىلغان ئاھانەت،
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

بۇ يىل قوناق بەك بولدى،
چۈجە خوراز يەپ بولدى.

كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيسىز،
دۈشمەن سىزگە دەپ بولدى.

ئاقمىدى بىلەكىڭىز،
كۆكمىدى خەمەكىڭىز.
شۈنچە قىلسام بىلمەيسىز،
تاشمىدى يۈرەكىڭىز.

چىچىڭنى ئۈزۈن دەمسەن،
ئۈزۈن قىلغان پۆپۈكى.
مەنمۇ ئەمدى بارمايمەن،
قورساقنىڭ بار كۆپۈكى.

باھار كېلەي دېمەستىن،
كۆلنىڭ چىمى كۆكلىدى.
ئالتە ئاي بولار - بولماستىن،
يار بېشىمنى ئۈتلىدى.

يۈرىكىم ئالما ئەمەس
سەن ئۈزۈپ ئوينايدىغان.
خالىساڭ چىشلەپ قويۇپ،
خالىساڭ تاشلايدىغان.

ئاخشام بارسام مەلەڭگە،
چاقىرىپسەن لەڭمەنگە.
لەڭمىنىڭنى يېمەيمەن،
زىيان قىلار مەيدەمگە.

قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلاپ قاچتىڭىز.
يوقمىكەن خۇدايىمىز،
زارۇزار يىغلاتتىڭىز.

ئاسماندىكى ئاي ئىدىم،
سۇغا چۈشۈپ لاي بولدۇم.
ئەتىۋار بىر گۈل ئىدىم،
سىنىڭ ئالدىڭدا خار بولدۇم.

مەن ساڭا كۆڭۈل بېرىپ،
قالدىم پاتمان بالاغا.
ھېچ ئىلاجىم يوق مېنىڭ،
يىغلاي قادىر خۇداغا.

بۇلۇت ئايغا دالدا بولدى،
چىقمىدى ئاي پارىسى.
مەن ئۆلەر ھالەتتە ياتسام،
قېنى، يارنىڭ قارىسى؟ !

باشقىغا قىلغان ۋاپانىڭ
مىڭدىن بىرنى قىلمىدىڭ.
ئەسلىي بىر نادان ئىكەنسەن،
ئەقىدەمنى بىلمىدىڭ.

تام تۆپىسىدە بوز پاختەك
كاككۇك بىلەن يۈرگۈدەك.

يارىم ھەممە بالانى
مەن ناداندىن كۆرگۈدەك.

تاغدا گۈل ئېچىلارمۇ،
باشىڭغا چېچىلارمۇ؟
مەن يىغلىسام دەردىڭ چىقىپ،
شۇل كۆڭلۈڭ ئېچىلارمۇ؟

ئارقا يولچە ماڭماڭ دەيدۇ،
ماڭسام ھەرتەرەپتە يول.
دوستتىن تولىسى دۈشمەن،
سەن ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول.

قاشىڭىزنىڭ قارىسى،
چۈشتى سېپىلغا سايىسى.
ھاي دېسەكمۇ ئۇنىماي،
ئۆزىڭىزنىڭ جاجىسى.

ئايدىڭ بەرمىگەن ئايدىن
ئاي قاراڭغۇسى ياخشى.
ۋاپا قىلمىغان ياردىن
مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم ياخشى.

ئانارىم بار، دېگەن بولساڭ،
بېغىمغا ئانار سالماستىم.
يارىم بار، دېگەن بولساڭ،
سېنى تەڭلىككە سالماستىم.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
پۇلى يوق دەمسەن مېنى،
پۇل تاپقۇچە سالدىڭ زۇلۇم.

قارا لاينى كەچكۈنچە،
مەيلى يوققا تەگكۈنچە.
ئۆلۈپ كەتسە بولمامدۇ،
ئۇنداق دەردنى تارتقۇچە.

ئاق ئۇجمىنىڭ شېخىنى
قارا ئۇجمىگە ئۇلىسام.
كۆڭلى قارا ئالدامچىنى
بۇ جاھاندىن قوغلىسام.

بۇزۇۋېتمە پەدىنى،
يەردە قويما ۋەدىنى.
يەردە قويساڭ ۋەدىنى،
ئۆزۈڭ تارتىسەن دەردىنى.

ئۆستەڭ سۈيىنى لاي كۆرۈپ،
كۆلچەك سۈيى ئىچكەنمەن.
يات يۇرتلۇقتىن يار تۇتۇپ،
ئۆز يۇرتلۇقتىن كەچكەنمەن.

بېلىمگە باغلىدىم شوينا،
بەلۋېغىمنىڭ يوقىدىن.

ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ،
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن.

ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم،
يول چىقسا مىنەرمەن دەپ.
يېڭى يار تۇتۇپ قويدۇم،
ئايرىلسام يۈرەرمەن دەپ.

دەريادا بېلىق كۆڭلۈم،
ھاۋادا بۈلۈت كۆڭلۈم.
ياخشى يارنى تاپقاندا،
يامانىنى ئۇنۇت، كۆڭلۈم.

مەن باردىم كېچە بىلەن،
ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن.
مېنىڭ قولۇم باغلاندى،
يارىمنىڭ چېچى بىلەن.

ئۆگزەڭگە چىقىۋېلىپ،
شالدىرلاتتىم غازاڭنى.
مەندىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
ئاللا بەرسۇن جاجاڭنى.

بىزنىڭ ئۆيلەر ئارالدا،
سېغىنغاندا بارالا.
مەن قارىماي كەتكەندە،
زار - زار يىغلاپ قالالا.

مەن ئاتىمنى سالمايمەن،
دەريا بويى لۆم ـ لۆمگە.
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

كېپىنەك گۈلدە بولۇر،
ئاق قۇ قۇش كۆلدە بولۇر.
مەشۇقى نادان بولسا،
ئاشىقى چۆلدە بولۇر.

ئالما ئىزدەپ يۈرگۈچە،
ئانارىڭنى يېسەڭچۇ.
بىراۋ ساڭا گەپ قىلسا،
سۆيگۈنۈم بار، دېسەڭچۇ.

تام پۈتەمدۇ لاي بىلەن،
سۇ ئاقامدۇ ساي بىلەن؟
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەمدۇ،
توغراقتىكى يار بىلەن؟

قوناقلىقتىن ئوت ئالدىم،
بوينى قارا ئۆچكىگە.
بىر كۈن تاشلاپ كېتىدۇ،
كۆڭۈل بەرسە ئەسكىگە.

ئامرىقىم قىلسا گۇناھ،
قولنى قىلدا باغلىسا.

لاخشىگىردە ئوت ئېلىپ،
چولپان كۆزىنى داغلىسا.

يار قېشىمدا ئولتۇرسا،
تاغدەك يۆلەك ئەمەسمۇ؟
ئاغزىدا دېگەنىلەن،
كۆڭلى بۆلەك ئەمەسمۇ؟

ئاق بىلەكنىڭ ئاقمىدى،
يانچۇقۇمدا قاقمىدى؟
يېڭىدىن بىر يار تۇتسام،
يۈرىكىمگە ياقمىدى.

ئۈچتۈمەنۇ ئۈچتۇم مەن،
كۆل بويىغا چۈشتۇم مەن.
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن،
بىر يامانغا چۈشتۇم مەن.

پىياز تەرمىدىم دەيدۇ،
ئوتياش تەرمىدىم دەيدۇ.
كۈندە بارغىنىم ئازدەك،
ئاخشام كەلمىدىڭ دەيدۇ.

سۈنىڭ سۈزۈكى بولاق،
چاچىنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق.
كۆرمىدىم دېگەنىلەن،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قولاق.

يان يەرگە كۆچەت تىكسەم،
بىر قاراڭغۇ باغ بولدى.
يارىم قىلغان ئاھانەت
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

يار بار مەلىگە بارسام،
يۈرىكىم پوكۇلدايدۇ.
دۈشمەنلەر مېنى كۆرۈپ،
ئەجەبمۇ كوتۇلدايدۇ.

چىلان باغقا كىرمەيمەن،
چىلان باغنىڭ يىلانى بار.
يار قېشىغا بارمايمەن،
يارنىڭ بۆلەك پىلانى بار.

كۆرۈنگەن قارا تاغدا
ئات قارىدا ياغدى قار.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
كىچىكىمدە تۇتقان يار.

مېنى مۇندا قويامسەن،
ئۆزۈڭ ئاندا بارامسەن؟
ئاتام سالغان بېغىمدا
ئوينىغىلى قويامسەن؟

قولۇمغا سوقۇۋەتتى
باڭباڭزا بىلەن تۆتنى.

ئاشىق دەپ تۇتارمەنمۇ
قەدىر بىلمىگەن دۆتنى.

ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا،
خوپ دەرد ـ ئەلەم قىلدى ماڭا.
قىلغىنىڭ كۆڭلۈمدە تۇرسۇن،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

بارسەن بىر ـ بىر بېسىپ،
دەريا سۈيىدەك ئايرىلىپ.
مۈزمىدى باغرىڭ سېنىڭ،
باقمىدىڭ بىر قايرىلىپ.

مەن ئۆزۈم ئۇستا بولۇپ،
سالدىم ياغاچقا رەندىنى.
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي،
بىۋاپانىڭ دەردىنى.

ئاق بېلىق، ئاپتاپتا ياتسام،
يارى يوق، دەمسەن مېنى.
يار ئۈچۈن قويسام قەدەم،
يامانلىدى، دەمسەن مېنى.

ئالمىنىڭ شېخى تولا،
جىنەستىنىڭ بەرگى تولا.
يېڭى يار تۇتقان كىشىنىڭ
ئىچىدە دەردى تولا.

ئاھ يارىم، چاققان جۇۋان،
جانغا ئوت ياققان جۇۋان.
بېشىنى قاتتىق تاراپ،
ئېرىنى قاقشاتقان جۇۋان.

تۆگىلۈكتىن قاراپ باقسام،
يارىم تولغىنىپ ياتتى.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
دەردىمنى تولا تارتتى.

يار دەيسەن، يەنە دەيسەن،
يار قەدرىنى بىلمەيسەن.
يار قەدرىنى بىلگەندە،
تاڭ سەھەردە يىغلايسەن.

دەريا بويىدا تاللار،
تاللىۋالدىم ئالمىنى.
بىۋاپامۇ يار ئىكەن،
سورىمايدۇ ھالىمنى.

بېلىگىزنى باغلاپسىز،
ئىزمىگىزنى ئەتمەپسىز.
بېشىمىزغا كۈن چۈشتى،
ھالىمىزغا يەتمەيسىز.

ئەنتىم بارەي، ئەنتىم بار،
يانچۇقۇمدا قەنتىم بار.

يار ئايرىلمايمەن دەيدۇ،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

ئىشىك ئالدىدا سېدە،
ئېتىمغا بېرەي بېدە.
شۇل يارىمنىڭ دەردىدە،
بولدى يۈرىكىم زېدە.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
شىۋىرغان يامان قاردا.
ئاغزىدا دېگەنىبىلەن،
چىن كۆڭلى بۆلەك ياردا.

مەن بېغىڭغا كىرمەيمەن،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمەيمەن.
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە،
نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بەلگىسى تولۇق تاشتا.
ئانچە مەيلىڭ بولمىسا،
نېمىشقا ئوينىدىڭ باشتا؟

ئۆگزەمگە تولا چىقماڭ،
ئۆگزەم تۆشۈك ئەمەسمۇ؟
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
دىلىم ئۈزۈك ئەمەسمۇ؟

ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ،
تولغانغان مېنىڭ يارىم.
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن،
بۇلغانغان مېنىڭ يارىم.

دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ئاڭلايدىغان كىشى يوق.
باغرى قاتتىق يار ئىكەن،
ئۆلگەن بىلەن ئىشى يوق.

كېچە بولسا ياتمايدۇ،
دەرەخ ئۇچىدا قاغا.
نېمە ئۈنچە يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان يارغا؟

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
كەلكۈن كەلدى، دەپ يۈرمە.
جىلمىيىپ كۈلۈپ قويسام،
كۆڭۈل بەردى، دەپ يۈرمە.

ئاختارمىغا چاپتۇرما،
پېتىپ قالىدۇ ئېتىڭ.

مەن سەندىن نېمە كۈتەي،
ئايدا كەلمىسە خېتىڭ.

ئىچىم قاينايدۇ، قاينايدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ،
ئېچىلماي توزۇغان گۈلدەك.

ئالمىلارەي، ئالمىلار،
ئالما تۇۋىدە چالمىلار.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
يامانىنى سۆيگەن لالمىلار.

يۈرىكىم دەريا ئەمەس،
سۇ ئۇزۇپ ئوينايدىغان.
خالىساڭ يار دەپ قويۇپ،
زېرىكسەڭ تاشلايدىغان.

قۇرغۇيۇم سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
شۇل خۇدانىڭ تەقدىرى،
بېشىم قەپەسكە مۇپتىلا.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
قولىڭىزنى مەن تارتاي.
بار ئويۇننى سىز ئويناپ،
دەردىڭىزنى مەن تارتاي.

ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا،
ئاندا يارى بار ئىكەن.
كۆيدۈرۈپ بىزنى ئۆزى،
كۆيمەس خىيالى بار ئىكەن.

ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ،
پەسكە قارىغان يارىم.
بىزنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
خەۋەر ئالمىغان يارىم.

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
ئويناپ - ئويناپ سۇندۇرار.
بىۋاپا كىشىنىڭ يارى،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرار؟

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
چېچىڭغا جالا سالما.
ئاكام سېنى ئالمايدۇ،
كەلگەنلەرنى ياندۇرما.

ئېگىز، ئويمان ئۆگزەڭدە،
مەن ياتمايمەن، ئۆزۈڭ يات.
يار دەردى مۇنداق بولسا،
يار تۇتمايمەن، پەندىيات.

قوش تېرەك ئاراسىدا،
قول بەرگىنىڭىز قېنى؟

ھەرگىز ئايرىلماسمىز دەپ،
قىلغان ۋەدىڭىز قېنى؟

مەن سېنى خوپ بىلمەن،
كۆڭلۈڭ ماڭا مايىل ئەمەس.
ئولتۇرۇپ قان يىغلىسام،
سەندىن مۇراد ھاسىل ئەمەس.

يارىم كېلىدۇ قاراپ،
سۇمبۇل چېچىنى تاراپ.
مەن يارغا نېمە قىلدىم،
يامان كۆز بىلەن قاراپ.

يارنىڭ بېغى بار ئىكەن،
بېغىدا ئانار ئىكەن.
يالغۇز دەپ كۆڭۈل بەرسەم،
بۆلەك يارى بار ئىكەن.

يارىمغا ساراي سالسام،
گۈل بىلەن مۇنار قويسام.
يار ئىچىدە بىلمەيدۇ،
ھەرقانچە گۇناھ قىلسام.

خۇدانىڭ بەندىسى كۆپتۇر،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇر.
مېنىڭدەك بولغىنى بولسا،
ئوتۇڭدا كۆيگىنى يوقتۇر.

تاغ سەھەرنىڭ شامىلى
ئەگدى گۈللەر شېخىنى.
كىمگە بېرىپ، كىمگە يىغلاي،
بىۋاپا يار دەردىنى.

قاشنىڭ شامىلى چىقسا،
ئۇشتۇيدۇ قۇرۇق سۆگەت.
ئالدىمدا كۈلۈپ قويۇپ،
ئارقامدىن قىلار غەيۋەت.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نورى، دەيمەن.
بېشىمغا ھەربالا كەلسە،
ئۆزۈمنىڭ شورى، دەيمەن.

كۆك قومۇشقا ئوتنى ياقسام،
مەن ئۇنى كۆيمەس، دېدىم.
يۈزى ئاق، كۆڭلى قارانى
مەندىن ئايرىلماس، دېدىم.

يۈزى ئاق، كۆڭلى قارا،
دەرد ـ ئەلەم قىلدىڭ ماڭا.
قىلغىنىڭ ئېسىڭدە بولسۇن،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
يار مېنى كۆردىمىكىن؟

يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى،
يار ئۇنى بىلدىمىكىن؟

بارايلى دېمەيمىدۇق،
يانايلى دېمەيمىدۇق.
شەرتىمىز قىزىل ئالما،
چىشلىشىپ يېمەيمىدۇق.

مەن ئۆزۈم بورۇسۇنلۇق،
كۆڭلۈم تارتىدۇ قاشنى.
ئۆلتۈرسەڭمۇ ئىچمەيمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

كۆڭۈل بەرمىسەم سىزگە،
ئوق تەگمەس ئىدى جانغا.
ۋەدىگە ۋاپا ئىزدەپ،
يۈرەك پاتىدۇ قانغا.

يارىمنىڭ يارى تولا،
سانىسام تۆت - بەشچە بار.
مەن تېخى يار تۇتمىدىم،
تۇتاي دېسەم ئون بەشچە بار.

باغىڭدىكى شاپتۇلنىڭ،
شېخى يەرگە تېگەمدۇ؟
ئەقلى بولسا، سارىخان
نادان ئەرگە تېگەمدۇ؟

ئىشىك ئالدى كۆلچەككە،
شال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.
بىلەلمىدىم، يارىمغا
ھال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.



# بېيىتلەر



بېيىتلەر



# بېيتلەر

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئىزدەرمەن سىنى.
خەلقىئالەم چوكان دىسە،
قىز دەرمەن سىنى.

قىزىل - يېشىل مارجان كۆردۇم
بىلەكىڭىزدە.
بېلىق بولۇپ ئوينىۋالاي،
يۇرەكىڭىزدە.

گەپ ئاڭلىماڭ، يامانىكەن
ياردىن ئايرىلغان.
سۆيگەن ياردىن جان ئايرىلىپ،
سەۋدايى بولغان.

ياندا بۇلاق قايىنىغاندەك،
يارىمنىڭ كۆزى.
قەندۇ ناۋات شورىغاندەك
سۆزلىگەن سۆزى.

قەنت ـ ناۋات ئاغزىڭدىدۇر،
شېكەر لېۋىڭدە.
سېرىق زەپەر قات ئاچىلۇر،
باسقان ئىزىڭدە.

تەقدىر ئاللا، سۇبهان ئاللا،
هالىم تەخ بولدى.
يار قېشىغا باراي دېسەم،
توخۇ چىللادى.

سېرىق زەپەر قات ئاچىلۇر،
ئۈچ كۈن ئاچىلۇر.
مەن يارىمنى كۈندە كۆرسەم،
كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

پەس ـ پەسكىنە ياپىلاق ئۆرۈك،
سارغايدى، پىشتى.
كېلەمدىكىن، كەلمەمدىكىن،
قەرەلى توشتى.

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قاراتماڭ بىزنى.
جاڭگالدىكى ئاچ بۆرىدەك
ماراتماڭ بىزنى.

قانداق قىلاي، نېچۇك قىلاي،
كېتىپ بارىسىز.

كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
تاشلاپ سالسىڭىز.

قانداق كىشى كېتەرىكىن،
يارىنى تاشلاپ؟
مەيلى بولسا ئېلىپ كېتەي،
شەھرىگە باشلاپ.

تاشلاپ ـ تاشلاپ كەتكىنىڭنى
ئۇنۇتمىغايمەن.
ئەمدى كەلسەڭ قېشىمغا،
يولاتمىغايمەن.

ئاپئاق سۇلتان، جىنازاڭغا
بۇلبۇل قونۇپتۇ.
چولپان كۆزۈڭ، ئاي يۈزۈڭگە
تۇپراق توزۇپتۇ.

بىرلا كۆرسەم، سېنى كۆرسەم،
كويۇڭدا ئۆلسەم.
سېنى دەپلا چىقسا جېنىم،
ئەجەلدىن كۆرسەم.

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم،
بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم،
قۇربان ئەمەسمۇ؟

ئالتۇن تارتقان تارازىدا
تاشنى تارتايمۇ؟
قەلەم قاشلىق سەن يار ئۈچۈن
جاننى ساتايمۇ؟

كىم يۇرمەيدۇ بۇ كېچىدە،
ئايدىڭ كېچىدە.
بىرمۇنچىلار مۇشۇ تاپتا
ئۇيقۇ ئىچىدە.

ئۇيقۇم كەلدى، ئۇيقۇم كەلدى،
كۆزۈم سۇزۇلدى.
بوينۇمدىكى تۇمارىمنىڭ
بېغى ئۇزۇلدى.

بىز ئىككىيلەن ئەۋۋەلدە،
نېمىلەر دېيىشتۇق؟
سېرىق قۇشقاچ بالىسىدەك،
دانلار يېرىشتۇق.

ئۇلۇغ ـ ئۇلۇغ سۇ بويىدا،
مەن ئاتلىق ئىدىم.
مەن يارىمنى سېغىنغاندا،
قاناتلىق ئىدىم.

ئىچ ئۆرۈكنىڭ مېغىزىنى
يېمەي ساقلايمەن.

سەن يارىمنىڭ ئەقىدىسىنى
چوقۇم ئاقلايمەن،

ئاللا يارىم، سەن بۇ يەردە
بار ئىكەنسەن.
دەملىككىما، دەمسىزگىما
يار ئىكەنسەن.

ئايلار بولدى، يىللار بولدى،
پەرياد قىلساڭچۇ.
مېنىڭ ئاندا يارىم بار دەپ،
خىيال قىلساڭچۇ.

تاڭ سەھەردە ناغرا چالدى،
ئاڭلاندى ئۈنى.
ئاستىنىدا كۆك ئارغىماق،
يەتكەندۇ كۈنى.

بارغانىڭدىن، تۇرغانىڭدىن،
كەتكىنىڭ ياخشى.
يارغا ئۇۋال سالغانىڭدىن،
ئۆلگىنىڭ ياخشى.

بارغانلاردىن، تۇرغانلاردىن،
سېنى سورايمۇ؟
سېنىڭ ھالىڭ نە كەچتى دەپ،
ئۆزۈم بارايمۇ؟

ئېيتىپ ـ ئېيتىپ ئېۋەرگۈنچە،
كەلمەسمۇ ئۆزى؟
كۆيەر ئوتقا مېنى سېلىپ،
كۆيمەسمۇ ئۆزى؟

كېلەرمۇ دەپ تەمە قىلما،
كەتكىنى شۇدۇر.
ئاشىق ئويناپ مۇرادىغا
يەتكىنى شۇدۇر.

قىزىل ـ يېشىل تون كىيىپسىز،
يېشىلدا ئىزما.
كېلەمدىكىن، كەلمەمدىكىن،
كۆڭلۈڭنى بۇزما.

ئېيتىپ ـ ئېيتىپ كىردىم چۆلگە،
قولۇمنى سېلىپ.
بىزنى دېگەن ياخشى يارلار،
شەھەردە غېرىب.

قانداق قىلاي، نېچۈك قىلاي،
كېتىپ بارسىلا.
كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
تاشلاپ ماڭسىلا.

يارىمسەن سەن ـ سەن، يارىمسەن،
قايدا بارارسەن؟

قاشنى ئېتىپ، كۆزنى سۈزۈپ،
جاننى ئالامسەن؟

ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ،
بولدۇم ھەيرانە.
ئاشىق ئوتى يامان ئىكەن،
قىلدى دىۋانە.

قەلەم قاشلىق ئىكەن،
جانىنىڭ پىراقى.
ئەجەب دىشۋار ئىكەن،
يولنىڭ يىراقى.

ئالا ئاتىم سەمرەلمەيدۇ،
ئېگىز ئوتىغا.
يۈرەك ـ باغرىم پايلىمايدۇ،
يارنىڭ ئوتىغا.

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
ئالا ئېتىم جەدە.
غانجۇغامدا بەش جىڭ ھاراق،
ئىچكەنىم نەدە؟

ئالتە قاغا، يەتتە قاغا،
قايرىلدى خانغا.
قاتتىق ـ يىرىك بولۇشمايلى،
كەتكۈسى جانغا.

يېقىن بولۇپ، يىراق بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
ئارمانى يوقتۇر.

مەن كەچمىگەن غول قالمىدى،
يەنە بارمۇ غول؟
ئاسان قىلىڭ، پەرۋەردىگار،
مەن يالغۇز ئوغۇل.

ئاللادۇرسەن، رازىدۇرمەن،
ئالساڭ جېنىمنى.
بىر ئاللادىن تىلەدۇرمەن،
كۆڭۈل شادىمنى.

كۆيگىنىمنى بىلمەي يارىم،
بىخەۋەر ياتۇر.
دەرد ئاغرىقى يۈرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم تاتۇر؟

نېمە بولۇر، جېنىم خېنىم،
يېنىمغا كەلسەڭ؟
چاڭقاپ تۇرغان يۈرىكىمگە
ئۇسسۇلۇق بەرسەڭ.

ئىرغايلىقتىن ئىرغاي كەسسەم،
ئىرغاينىڭ شاخى.

شامال چىقىپ يەلپۈنەمدۇ،
يارىمنىڭ ساچى؟

يارىممىكىن، ئەمەسمىكىن،
كاڭشاڭدا ياتقان؟
قاشنى ئېتىپ، كۆزنى سۈزۈپ،
جاننى قاقشاتقان.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
باغدا ئەۋرىشىم.
مەن سىزگە نېمە قىلدىم،
جېنىم ئاداشىم.

نامازدىگەر، شام ئارىلاپ،
گۈل باغدا ياتسام.
چولام تەگسە يار قاشىغا
بارۇرمەن ئاخشام.

بىزنىڭ يارلار ئۆزى كىچىك،
چىرايى كۈلگەچ.
مەن شۇ ياققا دارىپ ئۆتەي،
يارىمنى كۆرگەچ.

تاللاپ ـ تاللاپ تاللىۋالدىم،
تالدىن چوكاننى.
باغ ئارىلاپ ئىلغىۋالدىم،
سېرىق زەپەرنى.

سېرىق زەپەر بىر دانە گۈل،
كەچ كۈز ئاچىلۇر.
مەن يارىمنى سۆيۈپ ئالسام،
كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

سېنىڭدەك ياخشى گۈل،
باغدا ياتامدۇ؟
مەن سورايمۇ باغۋەنلەردىن،
پۇلغا ساتامدۇ؟

ئامبىلىغا كۆزۈم،
ياخشىغا سۆزۈم.
چىرايلىققا قاراپ،
تويمايدۇ كۆزۈم.

ئاللا يارىم، سەن كېۋەز بول،
مەن يۆگەي بولاي.
ئىرمالىشىپ - چىرمالىشىپ،
شاخىڭغا قوناي.

ئىرمالىشىپ - چىرمالىشىپ،
شاخىڭغا قوناي.
مەن كەينىڭدىن قوغلاپ بېرىپ،
لېچىندەك ئالاي.

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا
قۇرغۇي ئەگىيدۇ.

قۇرغۇي ئەمەس، تاغ باشىدا
يارىم ئەگىيدۇ.

خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ،
مەن كۆيدۇم سىزگە.
ئوتىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

خەقلەر مېنى يامان دەيدۇ،
مەن يامان ئەمەس.
كويغا سالسا خۇدا ساپتۇ،
مەن سالغان ئەمەس.

قانداق كىشى كېتەر ئىكەن،
شەھەرنى تاشلاپ؟
كەتكەن بولسا كېتەر ئىدى،
يارىنى باشلاپ.

ئېگىز يەرگە چىقماڭ، يارىم،
كۆرۈشتى دەيدۇ.
تال بويۇڭنى ئەگمەڭ، يارىم،
سۆيۈشتى دەيدۇ.

ئېگىز يەرگە چىققاندا مەن،
كۆرۈشكەن ئەمەس.
تال بويۇڭنى ئەگكەن بىلەن،
سۆيۈشكەن ئەمەس.

دەردىڭ بىلەن پىراقىڭدا،
ئۆلگۈدەك بولدۇم.
شۇ ھالەتتە بولساڭ، يارىم،
سۆيگۈدەك بولدۇم.

ھاۋامىكىن، بۇلۇتمىكىن،
يامغۇر تامچىلۇر.
يارنىڭ قوينى بېھىشمىكىن،
كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

ھاي ـ ھاي تېرەك بېشىدا،
كاككۇك ئوينار.
ئايلا چوكان قوينىدا،
يىگىت ئوينار.

گۈل قاشىدا چىمەننىڭ
مۆھلەتى بار.
مۇرادىغا يەتكەننىڭ
دۆلەتى بار.

گۈل بارەي، گۈل بار،
زاراڭزىدا گۈل بار.
گۈللەر شېخى ئىرغاڭلايدۇ،
يارنىڭ قېشىدا كىم بار؟

گۈل بارەي، گۈل بار،
شاختا بۇلبۇل بار.

ئىككى قولىدا كەشتە ياغلىق،
هارامزادە قىز بار.

ئاللا يارىم، جامالىڭغا
بولدۇم ۋەيرانە.
ئىشق ئوتى يامانىكەن،
قىلدى سەرسانە.

ئاللا يارىم، ياغلىقىڭنى
پۇراپ قاتلىدىم.
ئاق ئۆرۈكنىڭ مېغىزىنى
چاقماي ساقلىدىم.

بېلىق ئۈزۈپ ئوينايدۇ،
كۆزۈم يېشىدا.
قانات ياساپ ئۇچامسەن،
يارنىڭ قېشىغا.

ئاللا يارىم ئۆزگىلەرگە
قاراپ باقمىدىم.
ساڭا ئوخشاش ياخشى يارغا
كۆڭۈل ساقلىدىم.

ئېتىمنى يېزىۋالدىم،
زەيتۇن تاۋارغا.
قاراقاش چىقمايدۇ،
ئۆيدىن تالاغا.

قاراقاش چىققۇچە،
يىغلاي خۇداغا.
قاراقاش چىقمىسا،
قالدىم بالاغا.

ھەر ئازىندە كېلىمەن،
خۇمار كۆزنى كۆرگىلى.
بوستان سۆگەت ئاستىدا،
لەۋلىرىگە سۆيگىلى.

ئېرىقلارغا سۇ كەلدى،
بېلىقلارغا يەم.
ئەلنىڭ يارى ئوينايدۇ،
بىزگە نېمە غەم؟

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا،
يايلىدى قويۇم.
سۆيەي دېسەم يارنى مەن،
يەتمىدى بويۇم.

قارا قۇشۇمنى قوندۇرمىغان
تاغلار قالمىدى.
يارىم بىلەن ئوينىمىغان
باغلار قالمىدى.

ئېگەر ـ توقۇم سەرگەن يەردە،
قامچا قېلىپتۇ.

بىزنىڭ يارلار باغچىسىغا
خېنە تېرىپتۇ.

ئاق بوز ئېتىم، كۆك ئېتىم،
يايلىغىنى ئۇزات.
بىر كېچىدە يار قېشىغا،
يەتكۈزگىن تېز ـ پات.

ئاتىم بولسا، ئاتىم بولسا،
ئالا ئاتىم بولسا.
سەن يارىمنى سېغىنغاندا،
قاناتىم بولسا.

سىم ـ سىم ئارىلاپ ياغدى يامغۇر،
تاغلارنى بويلاپ.
ئىككى كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.

باراي دېسەم مەن كەينىدىن،
ئوقەتنىڭ ۋاقتى.
كېلەر بولسا چاققان كەلسۇن،
غېرىبلىق يەتتى.

ئەتىگەندە كۈن قىزىلى
بۇلۇتنى تاتۇر.
سېغىنغاندا قوش يۈرەكلەر،
كۆزدىن ياش ئاقۇر.

ئارپا، بۇغداي سامانىدا
ئاتنى توقلىدىم.
ۋاپادارىم ياندا بولغاچ،
غەمسىز ئۇخلىدىم.

قاپاقتېرەك شېخىدا
كاككۇك سايرايدۇ.
يارنىڭ ئۆيىگە كىرسەم،
مەزىن مارايدۇ.

مارىسىمۇ مارىسۇن،
گۇناھ يوق بىزدە.
بىز يار بىلەن كېلىشتۇق،
توي بولار كۈزدە.

يارىم بەرگەن ياغلىقنىڭ
ئانارگۈلى بار.
شۇ ياغلىقنى پۇرىسام،
يارنىڭ ھىدى بار.

دۈشمەن ماراپ نەگە بارار،
پەرۋايىم پەلەك؟
بۇ دۇنيادا مۇڭداشىم يوق،
سېنىڭدىن بۆلەك.

تاغاق سالسام چاچلىرىمغا،
يۇلۇندى چېچىم.

يارىم، سىزنى تولا ئويلاپ،
ئاقاردى بېشىم.

ئىككى تاغنىڭ ئاراسىدا
مەپە كېلىدۇ.
مەپە بىلەن بىزنىڭ يارلار
ئويناپ كېلىدۇ.

يۈرىكىمگە ئوتلار ياقتى
ئاھۇ كۆزلىرىڭ.
دەردلىرىمگە شىپا بولدى
شېرىن سۆزلىرىڭ.

مەن سېغىنسام ئايغا باقتىم،
سەن كۈنگە قارا.
يۈرىكىمنى تۇتۇپ باقساڭ،
مىڭ يەردە يارا.

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچتىم بۇ جاندىن.
يۈرەك باغرىم پارە - پارە،
كۆز يېشىم ئاندىن.

مەن بارايمۇ، سەن كېلەمسەن،
سېغىندىم سېنى.
ئالتە ئاي ياز ئۆتۈپ كەتتى،
قىيىندىڭ مېنى.

كۆل بويىدا ئولتۇرار،
سۇمبۇل ساچلىقىم.
ئۆلتۇرەمدۇ، كۆيدۇرەمدۇ،
قارا قاشلىقىم؟

باغدىن چىقىپ تاغدا قونغان،
ساراڭ كەكلىكىم.
يۈرىكىمنى قاندۇرغان
مېنىڭ ئەپلىكىم.

ئۇزۇن كۆلدە جۈپ ئۆردەك
بىلىقنى يەيدۇ.
مېنىڭ يارىم كېچە ـ كۈندۈز
غېمىمنى يەيدۇ.

يارىم كەلدى، يارىم كەلدى،
قۇلاقتا گۈلى.
يارىم زىلۋا كېلىشكەن،
چۆمەچتەك بېلى.

كالامۇللا ۋارىقىدەك،
كۆزى قاتلىقىم.
شېكەر بىلەن يۇغارغاندەك،
سۆزى تاتلىقىم.

سايدا قاينىغان بۇلاقلاردەك
يارىمنىڭ كۆزى.

ناۋات قوشۇپ يۇغارغاندەك
بەك تاتلىق سۆزى.

ئېگىز تاغنىڭ كۆلەڭگىسى
سايىنى تالىشۇر.
چىرايلىقنى يار تۇتساڭ،
ياغدەك يارىشۇر.

تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن،
پۈتەي تىلتۇمار.
ماڭا قاراپ كۈلدى تىنماي،
كۆزلىرى خۇمار.

تاڭ سەھەردە تەييارلاپتۇ،
ماڭا سۈتلۈك چاي.
شۇ يارىمنىڭ كۆڭلى ئاپئاق،
ئاسماندىكى ئاي.

يىراق تاغدىن سۇلار كەلدى،
تاشقا ئۇرۇلۇپ.
غۇنچە بويلۇق يارىم كەلدى،
ئايدەك نۇرلۇنۇپ.

خەقنىڭ يارى تولا ئىكەن،
كاۋا چېچىكى.
بىزنىڭ يارلار يېگانىدۇر،
جاننىڭ چېچىكى.

سۇ چىچىكى، سۇ چىچىكى،
سۇنىڭ چىچىكى.
كىچە ـ كۈندۈز ئېچىلامدۇ،
ياڭاق چىچىكى؟

تەم ـ تەم گۈلنىڭ نۇر چىچىكى
باردۇر يۈزىدە.
مۇھەببەتنىڭ نۇر چىچىكى
يانۇر كۆزىدە.
تەم ـ تەم گۈلدەك ئاشۇ يارىم،
تۇرار سۆزىدە.

تەم ـ تەم دەيدۇ، تەم ـ تەم دەيدۇ،
تەم ـ تەم گۈلنى.
ئۇنتالمىدىم شۇ چاغقىچە،
يارىم ھۆرنى.

ئالتۇن، ناۋات ئاغزىڭدىدۇر،
شېكەر تىلىڭدا.
گۈلزەپەرلەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
باسقان ئىزىڭدا.

تەم ـ تەم گۈلنىڭ چېچەك داغى
باردۇر يۈزىدە.
مۇھەببەتنىڭ نۇرى باردۇر،
چولپان كۆزىدە.

تىلما كارىز بويىدا،
يارىمنى كۆردۈم.
يېڭى يارىم چىرايلىقكەن،
تۇمار ئۆرۈدۈم.

ياقۇا كارىز بويىدىن
يارىم كېلىدۇ.
قارا كۆزنى ئوينىتىپ،
باغرىم كېلىدۇ.

نۇر ـ چىراغنىڭ پەرۋانىسى
ئوتتىن يانارمۇ؟
سۆيگەن كىشى يارىدىن
جاننى ئايارمۇ؟

ئاتام كەچسە مەن كەچمەيمەن،
سەن نىگارىمدىن.
سىنىڭ ئۈچۈن راست كېچىمەن،
ئەزىز جانىمدىن.

ئاخشام بېرىپ كۆرۈپ كەلدىم،
سۆيگەن يارىمنى.
ئاتىۋەتتىم ئاشۇ يارغا
مالۇجانىمنى.

بىزنىڭ يارلار ئوبدان يارلار،
مىلىس ئوينايدۇ.

شۇنداق ئوبدان يىگىتلەرگە
پوتا سالمايدۇ.

كۆچەت ئىدى، لىم بوپتۇ
باغدىكى تېرەك.
كىچىك چاغدىن ساڭا ئاشىق،
بىلسەڭ بۇ يۈرەك.

ئىككى دۇنيا دوست بولغانلار،
بەختىيار ياشار.
باشقا كۈلپەت كەلگەندىمۇ،
داۋانلار ئاشار.

كۆيدۈرسىمۇ، ئۆلتۈرسىمۇ،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.
دەردى بولسا تەڭ تارتىمىز،
شورى ئۆزۈمنىڭ.

شايى كۆڭلەك كىيگەنلەر،
يارى دەمدىكىن؟
مېنىڭ سالغان چېچىمنى
تارى دەمدىكىن.

تەقدىر ئاللا، تەقدىر ئاللا،
تاغنى ياراتتى.
تاغ بېشىنى قاراڭغۇ دەپ،
ئاينى ياراتتى.

ئاينى يالغۇز قالمىسۇن دەپ،
قىزنى ياراتتى.
قىزنى يالغۇز ياتمىسۇن دەپ،
بىزنى ياراتتى.

سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم،
باقسا بولمامدۇ؟
مۇنداق جاننى قىينىغۇچە،
ئالسا بولمامدۇ؟

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
بالام دېمەسۇن.
خۇدا سالدى شۇبۇ كويغا،
يامان دېمەسۇن.

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق.
قارامۇقنىڭ قاسرىقىدەك
گۇناھ مەندە يوق.

قاراڭغۇدا قارىياغاچ
مېنىڭ يولداشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىر ئەتسە،
تۆكۈلەر ياشىم.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ئۆلۈم بولمىسا.

بۇ دۇنيادا راھەت بولسا،
زۇلۇم بولمىسا.

ئۆلگەنلەرگە قىيامەتتە
سوراق بولمىسا.
مۆمىنلەرگە بېھىش بولسا،
دوزاخ بولمىسا.

بەشكېرەمدىن ئەنجۈر ئالدىم،
يەركەندىن راۋاب.
ئاتىڭىزغا ئەلچى قويسام،
بەرمەيدۇ جاۋاب.

باراي دېسەم كىرگۈزمەيدۇ،
ئىتىڭىز قاۋاپ.
ئوتىڭىزدا بولدى شۇ تاپ
يۈرىكىم كاۋاپ.

ئاكام سالغان باراڭدا،
تۆت دانە تۈۋرۈك.
مەن يارىمغا ئېلىپ كەلدىم،
بازاردىن ئۆرۈك.

ئۇچكە چېقىپ مەن سۇنسام
يارىمغا مېغىز.
قارىسلدايدۇ بىر ئەپلىك
ئاغزىدا سېغىز.

ئەمدى بىلدىم بار ئىكەن،
سىغىنىز بەرگەنلەر.
مېنىڭسىزمۇ يارىمغا
مېغىنىز بەرگەنلەر.

مېنىڭ دادام داموللا،
قولىدا تەسۋى.
بىزنىڭ يارغا كېزىكتە
چىقىپتۇ ئەسۋى.

تېۋىپ كەلسە يېڭىنىدە،
ئۇنى ئىلغۇدەك.
لېكىن شىپا بولماپتۇ،
پايدا قىلغۇدەك.

كىرپىكىمنى شۇ يار ئۈچۈن،
يىڭنە قىلىمەن.
شۇ ئەسۋىنى، توختاڭلار،
ئۆزۈم بىلىمەن.

ئات ئالساڭلار تاي ئالماڭلار،
يولغا يۈرمەيدۇ.
چېچى ئۈزۈن، قاۋۇل جۇۋان
قولغا كىرمەيدۇ.

ئۇ يايلاقتىن بۇ يايلاققا
ئۆزۈڭ يايلامسەن؟

سىمىز قوينىڭ قوزىسىدەك
سەكرەپ ئوينامسەن؟

ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە
ئويناي دەپ كەلدىم.
ياخشى دەمسىز، يامان دەمسىز،
سىناي دەپ كەلدىم.

يار ئاغرىقى بولغانلارنىڭ
دورىسى مەندە.
ئەتە قوپۇپ تاڭ سەھەردە،
يارنى سۆيگەندە.

قارچىغىنىڭ بالىسى بار،
ئالتۇن ئۇۋىدا.
ئەمدى بارسام تونۇمايدۇ،
ئەسكى جۇۋىدا.

ئەمدى مېنى كەتتى دەپ،
چەكمە قېشىڭنى.
غورۇلاينىڭ بالىسىدەك
تۆكمە يېشىڭنى.

يىغلىما، قىز، يىغلىما، قىز
تاڭلا كېلۇرمىز.
بىر قوتىدا ئۈنچە ـ مارجان،
ئېلىپ كېلۇرمىز.

بىر قۇتىدا ئۈنچە ـ مارجان
ئۆزۈڭدە تۇرسۇن.
ئىككى قاراپ، بىر سۆيگىنىم
ئېسىڭدە تۇرسۇن.

ئىرغايلىقتىن ئالغان تاياق
قامچىڭىز بولسۇن.
ئۆزۈن يولغا ئاتلانغاندا،
يولىڭىز بولسۇن.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
ئالەمنىڭ ئۇچى.
بۇ ئالەم بىر كونا رابات،
بىزلەر ئۆتكۈچى.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
ئابرالنىڭ تېغى.
ئوتتا كۆيۈپ ئادا بولدى
يۈرەكنىڭ دېغى.

يار دەردىدە سارغايدىم مەن
زەپىرەڭ سۈپەت.
كۈز ۋاقتىدا سارغايغاندەك
تېرەك ياپرىقى.

ئارا ئۆستەڭ توغراقلىقتۇر،
يارىمنىڭ جايى.

قاراپ يارغا ئەسىر بولدى،
كۆزنىڭ قاراقى.

ئۈلاغىمنىڭ يوقلۇقىدىن،
كۆرمىدىم يارنى.
كۆرۈر ئىدىم نالە ـ زارنىڭ
بولسا ئۈلاغى.

ئاتلىرىنى ھەيدەيدىكەن
مۇز داۋان بىلەن.
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن
بىر يامان بىلەن.

بارادۇرمىز، بارادۇرمىز،
ياخشى قىلىڭلار.
ئېگىز داۋان ئاشادۇرمىز،
شوتا سېلىڭلار.

ئۇ تېغىڭدىن بۇ تېغىڭغا
قۇرغۇي سېلىشتۇق.
قىزىلگۇلنىڭ غۇنچىسىدەك
كۆڭۈل ئېلىشتۇق.

قىزىل ـ قىزىل قىياقلىقتا
قىينالدىم سىزگە.
قىزىلگۇلنىڭ غۇنچىسىدەك
ئېگىلدىم سىزگە.

ئارپىلىقتىن نېرى، دوستلار،
ئەگكەن بۇغدىيىم.
بىر ياخشىنى بىر يامانغا
قاتقان خۇدايىم.

سىم ـ سىم دەيدۇ، سىم ـ سىم دەيدۇ،
سىم ـ سىم قوينۇمدا.
زەررە گۇناھ مەندە بولسا،
قىلىچ بوينۇمدا.

ئۇيان ئۆتەي، بۇيان ئۆتەي،
چىشىڭغا تېگەي.
ماڭا بەرگەن ئالمىڭىزنى
ئاپىڭىز يېگەي.

ئۇ قاتتا سەن، بۇ قاتتا مەن،
قاچان كۆرەرمەن؟
خۇدا بەرسە سېنى، يارىم،
بىر كۈن سۆيەرمەن.

ئاللا يارىم، باشىڭدىكى
ئەنجانچە بۆكمۇ؟
كىچىكلىكتە ئوينار ئىدۇق،
ئەمدى يول يوقمۇ؟

جانىم بوز ئات، جانىم بوز ئات،
بوينۇڭنى ئۇزات.

بۈگۈن كېچە يار قېشىغا،
يەتكۈزگىن بوز ئات.

بۈگۈن كېچە يار قېشىغا،
يەتكۈزسەڭ بوز ئات.
بېشىڭدىكى يۈگىنىڭدىن،
قىلارمەن ئازاد.

تەقدىر ئاللا، تەقدىر ئاللا،
ھالىم قالمىدى.
يارلار قېشىغا بارار ئىدىم،
توخۇ چىللىدى.

سورىساڭلار شۇ توخۇدىن،
نەدىن چىللىدى؟
قوندىقىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ،
بوينى سۇنمىدى.

قىزىل سۇنىڭ بېلىقلىرى
قازاندا قاينار.
ھارامزادە باينىڭ قىزى
قوينۇمدا ئوينار.

ئاتلىرىمنى قويۇۋەتتىم،
كوكۇ بۇلاققا.
بىزنىڭ باللار چىقتىمكىن،
جىگدە بۇلاققا.

بۇ يوللاردا ئۆكسۈمەيدۇ
توققۇز تارالىق.
مەن يارىمدىن ئايرىلغىلى،
كۆڭلۈم قارالىق.

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،
ئويچىمىدىڭسەن،
يانباغرىدا يېتىۋاپسەن،
قويچىمىدىڭسەن؟

قويچى بولساڭ،
قويلارنىڭنى بىللە باقايلى.
كونا يارنىڭ يۈرىكىگە
ئوتلار ياقايلى.

سەن بىرنى دەپ، مەن بىرنى دەپ،
قالدىم بالاغا.
ئەسلىي رەھىم كەلمەيدىكەن
كۆڭلى قاراغا.

كېچىلىرى گۈلزار ئارا
سايرايدۇ بۇلبۇل.
شۇ بۇلبۇلنىڭ سايرىغىنى
گۈلزار ئۈچۈندۇر.

سەن يار ئۈچۈن بولمىغىنىم
قالغان ئەمەستۇر.

خاھى پۈتۈك، خاھى پۈتمەك،
يالغان ئەمەستۇر.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ،
مېنىڭ يارىمنى.
ئېگىز داۋان ئاشتى دەيدۇ،
بويى تالىمنى.

ئېگىز داۋان ئاشمىغۇنچە،
قارا كۆرۈنمەس.
قارا يورغا مىنمىگۈنچە،
چۆللەر كېزىلمەس.

قارا يورغامنىڭ بارىدا،
قاناتلىق ئىدىم.
تاغدا كېيىك ياياق بولسا،
مەن ئاتلىق ئىدىم.

قارا يورغامنى يوقاتتى،
قارا ـ ئالا ئارغامچى.
ئېگەر ـ توقۇم يولدا قالدى،
بېلىمدە قامچى.

خاھى پۈتۈك، خاھى پۈتمەك،
خۇشتارمەن سىزگە.
پۇل ـ مېلىمنى بەربات بېرىپ،
قۇل بولاي سىزگە.

قارا ـ قارا قاشلىرىڭغا
قاتساڭچۇ مېنى.
قاراقاشىنىڭ بازارىدا
ساتساڭچۇ مېنى.

قاراقاشىنىڭ بازارىدا
يارىمىسام مەن.
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ،
ئاتساڭچۇ مېنى.

ئوقيارىڭنىڭ ئوتى ماڭا،
ئۆتمىسە ئەگەر.
چاچلىرىڭنى قىلىچ قىلىپ،
چاپساڭچۇ مېنى.

ئىشق ئوتى تۇتاشتۇرۇپ،
كۆيدۇردۇڭ مېنى.
جىلۋە قىلىپ غەمزە بىلەن
ئۆلتۇردۇڭ مېنى.

لۇتفى قىلىپ، باغ ـ باغ ئېتىپ،
قۇچساڭچۇ مېنى.
بىر ئورۇندا قۇچاقلىشىپ،
سۆيەردىم سېنى.

گۈل غۇنچىسى ئېچىلغاندەك
لەۋلىرىڭ سېنىڭ.

ئۆمرۈم ئۆتتى لەۋلىرىڭگە
سۆيەلمەي مېنىڭ.

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
كۆڭلۈڭنى ئالاي.
قارچىغىنىڭ بالىسىدەك،
قولۇڭغا قوناي.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
سەمەندىن قوغان.
ئەجەب قاتتىق ئەلەم ئىكەن،
ياردىن ئايرىلغان.

ئاۋۋال بېقىپ كۆڭلۈم ئېلىپ،
ئەمدى باقمايدۇ.
مەن ساددىمەن، يار باقار دەپ،
ئۈمىدتە تۇرغان.

يار ئايرىلىپ چىدار ئىكەن،
بىز چىدالماسمىز.
ھېچ ئايرىلىپ چىدارمىكىن،
كۆڭۈل ئالدۇرغان.

شۇ يارىمنى بىر كۆرىبان،
كۆڭۈل ئالدۇردۇم.
ھېچ مېنىڭدەك بارمۇ يارغا
ئاۋارە بولغان؟ !

ئۇنچىنى مارجانغا تىزدىم،
چىن سەدەپ بولغايمۇ دەپ.
بۇ كۆڭۈلنى سىزگە بەردىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.

مېھرىباندۇر ئۆزلىرى،
شېرىن - شېكەردۇر سۆزلىرى.
ھەرقانچە گۇناھ قىلساممۇ،
پادىشاھتۇر ئۆزلىرى.

بېيىت پۈتۈپ ئالدىم زەيتۇنە تاۋارغا،
قاراقاش چىقمىدى ئۆيدىن تالاغا.
بويۇڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان يېرىمدە،
بويۇڭنى بىر كۆرۈپ قالدىم بالاغا.

ئېگىز - ئېگىز دۆڭلىرىمدىن
سىيرىلدىم سىزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگىلدىم سىزگە.

بىلەمسىزكىن؟ بىلمەمسىزكىن،
خۇشتارمەن سىزگە.
خۇشتارلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرادۇر،
شوخشۇ بويلۇق شول يىگىت.

ئالما بەرسەم ئۇندىمەيدۇ،
بىباها ئالتۇن يىگىت.

بىباها ئالتۇن يىگىتنىڭ،
سۆلىتى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە خال چۈشۈپتۇ،
يېڭى ئۈزگەن گۈلچە بار.

يانتۇ يەرگە قوغۇن تېرىدىم،
چۆنەكلىرىم تۈز.
قوغۇنلىرى پىشىپ قاپتۇ،
ئۆزۈڭ بېرىپ ئۈز.

سېنى دېدىم، تاياق يېدىم،
ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز.
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن،
ئۆرۈمەسمەن يۈز.

باغدىكى زىبا تېرەكتەك
بويىڭىزنىڭ تۈزلۈكى.
شاپ ئۈزۈمنىڭ سۈيىدەك،
ئاغزىڭىزنىڭ تاتلىقى.

چىشىڭىزنىڭ ئاقلىقى ئۈنچە تۇرادۇر،
لېۋىڭىزنىڭ تاتلىقى تىلنى يارادۇر.
قېشىڭىز قازى بولۇپ يۈرتنى سورايدۇ،
كۆزىڭىز ئويناپ تۇرۇپ جاننى ئالادۇر.

ھەركۈنى سىزنى يەنە
كۆرگۈم كېلەدۇر.
قۇچاغىمغا ئېلىبان
سۆيگۈم كېلەدۇر.

بەگلەر كېلىپ چۈشۈپتۇ،
ئويمانبۇلاققا.
ئاتلىرىنى قويۇپ بېرىپ،
كۆرپە قىياققا.

كىشى ئۇچۇن كىشى ئۆلمەس،
ئوتى پىراققا.
سىز ئۇچۇنلا ئۆلۈپ كۆرەي،
خەنجەر ـ پىچاقتا.

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
چىن تاۋارنى يۈركىنىپ.
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق،
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.

چاچلىرى بەلگە چۈشۈپتۇ،
بەللىرى بىر قىلچە يوق.
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
ئۆزگىسى بىر پۇلچە يوق.

ئاق سارايغا ۋاسا تىزدىم،
سانىمىدىم جۇپمۇ، تاق.

ئاق سارايدىن يارىم چىقتى،
مەڭزى قىزىل، يۈزى ئاق.

مەڭزى قىزىل يۈزى ئاققا،
ئاشىنا بولسا كىشى.
قارچىغىنىڭ بالىسىدەك،
قولىغا قونسا كىشى.

ئاق سارايغا يارىم كىردى،
زەيتۈنە تونىنى كىيىپ.
ئارقىسىدىن مەنمۇ كىردىم،
بىر تۈتام گۈلنى ئېلىپ،

ئەقلى بولسا گۈلنى ئالار،
پەمى بولسا غۇنچىنى.
غۇنچىدەك يارى تۇرۇپ،
گۈلدىن بەتتەر قىلدى مېنى.

ئاق دادام، ئاپئاق دادام،
قەشقەرگە بارغۇم كېلىدۇ.
ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا،
تاماكا تارتقۇم كېلىدۇ.

ئاق سارايىنىڭ قىزلىرى،
لاچىنمىكىن، قۇرغۇيمىكىن؟
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاشىقلىرى زەرگەرمىكىن؟

ئاققىنا كۆڭلەك كىيىپسىز،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
كۆككىنە كۆڭلەك كىيىپسىز،
كۆك تىكەنلەر ئىلمىسۇن.

ئىككىمىز ئاشىق بولايلى،
ئۆيدىكىلەر بىلمىسۇن.
ئۆيدىكىلەر بىلسە ـ بىلسۇن،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان
ھەرگىز ئىنسان بولمىسۇن.

ئۇزلۇقىيۇ ئۇزلۇقى،
شۇ خېنىمنىڭ ئۇزلۇقى.
چىرايىنى ھەش قىلىپتۇ
قىلىقىنىڭ مۇزلۇقى.

ئۇز چىرايى بولمىسا،
خۇش چىراي بولسا كىشى.
قىلىقىدىن ياشىرىپ،
جان پىدا بولسا كىشى.

كۆك ئاسماندا پىلىلدىغان
ئاينىڭ چېچىكى.
مېنىڭ يارىم بىرلا بولغاچ
جاننىڭ چېچىكى.

دەرەخ بولسا، ئېگىز بولسا،
ئېگىلمەس بولسا.
كۆپكۆك يېشىل يوپۇرمىقى،
تۆكۈلمەس بولسا.

ياخشى ئادەم يامانلارنى
دورىماس بولسا.
بىر ياخشىغا بىر ياماننى
بۇيرۇماس بولسا.

ئاي تۇغقاندا، تۇغقانمىدى،
مەشۇقۇم، سىزنى؟
كۈن پاتقاندا تەۋرەتكەنمۇ،
بۆشۈكىڭىزنى؟

ئاق بۇلۇتتىن ياسىغانمۇ
تۆشەكىڭىزنى؟
بىھوش قىلىپ تۇگەشتۇردى،
ئوتىڭىز بىزنى.

پولات نەيزە، ئالماس قىلىچ،
يەردە ياتامدۇ؟
ساڭا ئوخشاش تازا گۈل
سولۇپ ياتامدۇ؟

ساڭا ئوخشاش تازا گۈل،
سولىشىپ ياتسا.

سوراپ بېقىمەن باغۋەنىدىن،
ماڭا ساتامدۇ؟

قارا ـ قارا قاغىلارنىڭ
قاناتى بولسام.
ئېگىز ـ ئېگىز چىنارلارنىڭ
بېشىغا قونسام.

جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ
شاگىرتى بولسام.
ئاشىقلارغا قەست قىلغاننىڭ
جېنىنى ئالسام.

ئاق تونۇڭنى نېمە كىيدىڭ،
زەيتۇنە تونۇڭ تۇرۇپ؟
بۇ مەلىگە نېمە كەلدىڭ،
ئالىمدەك يارىڭ تۇرۇپ؟

بۇ مەلىگە كەلمەس ئىدىم،
يار كەلتۈردى مېنى.
ئۇتقا سالسام كۆيمەس ئىدىم،
يار كۆيدۈردى مېنى.

ئاققىنا قۇشقاچ بولۇپ،
تال بويۇڭغا قونمىدىم.
ئارزۇلۇق ئاشنا تۇتۇپ،
بىر سۆيۈپمۇ قويمىدىڭ.

ئىشىك ئالدىغا گۈل تېرىپ،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
بىۋاپا ئەمەسقۇ دەپ،
ئەقىدەمنى ئۈزمىدىم.

ئۆرۈۋاپسەن ئىككى تال،
سېكىلەكلىك چېچىڭنى.
ئالتۇن بىلەن قاپلايسەن،
بىر جۈپ ئۈدۈل چىشىڭنى.

ئەمدى ئېيتقىن ئاناڭغا
ئوڭلاپ قويسۇن بېشىڭنى.
يەر تېگىدىن قارايسەن،
چۈشەنمىدىم ئىشىڭنى.

ئېگىز ئاسماندىن چۈشۈپتۇ،
مۈشتتەك ئالا تاش.
كۆيدۈرىدۇ جېنىمنى
زالىم قارا قاش.

قىزىلگۈللەر ئېچىلىپتۇ،
باغچە ئىچىدە.
قاراقاش يار ئولتۇرادۇر،
ھۇجرا ئىچىدە.

قاراقاشقا سىنچاي تۇتتۇم،
كۆڭلىگە بېقىپ.

ئىچمىسىمۇ ئىچكۈزەرمەن،
قەنت ـ شېكەر سېلىپ.

كۆلمىسىمۇ كۆلدۈرەرمەن،
غىدىقلاپ بېقىپ.
گەپ قىلمىسىمۇ سۆزلىتەرمەن،
بېيىتلەر ئېيتىپ.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇ يېنىدا،
قامچام قېلىپتۇ.
قامچا بويلۇق زىلۋا يىگىت،
بۇغداي تېرىپتۇ.
بۇغداينى ئورا ـ ئورا
بېلى تېلىپتۇ.
ئورغىقىنى قىردا قويۇپ،
ئۇخلاپ قېلىپتۇ.
مەن ئويغاتسام ئاچچىقلاندى،
مەندىن چېنىپتۇ !

دۆڭ يەرگە ساراي سالدىم،
تۈۋرۈك قويۇقلۇق.
ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
ئېگەر ـ توقۇملۇق.

ئات قېشىدا يالىلدىغان
يالقۇن ئەمەسمۇ؟

يار بىلەن تۇگكەن تۇگۇچ
ئالتۇن ئەمەسمۇ؟

ئىككى تاغنىڭ ئۇ يېنىدا،
بىر تۇپ قارا قات.
شۇ يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى
چىلان توروق ئات.

ئۈزەڭگىسى ئالتۇن ئىكەن،
قامچىسى پولات.
كۆزلىرى خۇمار ئىكەن،
لەۋلىرى ناۋات.

قويلىرىمدىن ئايرىپ باقتىم
ساغلىقلىرىنى.
يۈرىكىمگە تېگىپ ياتتىم
ياغلىقلىرىنى.

كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ،
قارا قىلىپلا.
باي يىگىتنى تاپقاندا،
بىزدىن تېنىپلا.

ئەتىيازنىڭ شامالىدا
ئېرىدى توڭلار.
ئىككىمىزنىڭ بېشىنى
خۇدايىم ئوڭلار.

ئەتىگەندە نامازدا
تىلاۋەت قىلدىم.
كۆڭلىڭىز بۆلەك ئىكەن،
ئەمدىلا بىلدىم.

مەشرەپكە بارايلى دەپ،
كىنو كۆرۈپلا.
باشتا مېنى سۆيىمەن دەپ،
خەقنى سۆيۈپلا.

مېۋىلەرگە زىيانلىق
ياندىكى شاخلار.
كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام،
هال تارتىپ قاپلا.

كۆزەينەكنى تارتمىسىلا،
يىراقنى كۆرمەملا؟
كۈندۈزى چول تەگمىسە،
كەچتە كەلمەملا.

ۋېلىسىپتنى مىنەلمەپلا،
ئېگىرى يوقمۇ؟
ئاشىقلارنى قىيناۋەرسە،
سورىقى يوقمۇ؟

باغ ئىچىگە باغ ياسىدىم،
چۆرىسى ئۈزۈم.

يار دەردىدە تولا يىغلاپ،
كۆرمەيدۇ كۆزۈم.

قاشلىرىڭنىڭ قاراسىنى
سۈرەتكە ئالدىم.
بىر كۆرۈپلا قەلەم قاشنى
ئوتىدا قالدىم.

ياربياردا توشۇدۇق
خاماندىن سامان.
كۆيۈك ئوتى بېسىلاتتى
بىر سۆيگەن هامان.

ئۆيۈمنىڭكى ئالدىدا
سامانلىقىم يوق.
مېنىڭ سىزگە قىلچىمۇ
يامانلىقىم يوق.

ياخشىمىكىن، يامانمىكىن،
سىناپ باقسىلا.
ئەسقاتارمىز ئاخىرى،
بىزدىن قاچمىسىلا.

كۆيۈك ئوتىنىڭ دەردىنى
كۆيگەنلەر بىلۇر.
يارىم چىقىپ ئالدىمغا،
ناز بىلەن كېلۇر.

نازى بولسا بولسۇنكى،
خاپا بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى
ساختا بولمىسۇن.

چىڭگىلەكتەك ياماشسام،
نازۇك بېلىڭگە.
قانغۇچە سۆيەرمەنمۇ،
سۇزۇك لېۋىڭگە؟

سېۋەتتىكى ئەنجۈرنى
باققالغا ساتتىم.
مەن يارنى تولا ئىزدەپ،
ئاخىرى تاپتىم.

قاشلىرىغا ئوسما قويۇپ،
چىقىپ قالدىلا.
پەرىزاتتەك ياسىنىپ،
جاننى ئالدىلا.

ئاتلىرىنى ياخشى دەيدۇ،
سىناپ كۆرەيمۇ؟
لەۋلىرىنى تاتلىق دەيدۇ،
تېتىپ كۆرەيمۇ؟

ئالتە شەھەرنى ئايلىنىپ،
تاۋاپ قىلدىلا.

ئوتلىرىغا سەپ قويۇپ،
كاۋاپ قىلدىلا.

قاتارلىشىپ مېڭىشىپلا،
سومكىنى ئېسىپ.
سۆيەرمەنمۇ شۇ يارىمنى
يۈرەككە بېسىپ.

سۆگەت چوكان بولۇپتۇ،
ئات ئېتەلىمۇ؟
كۆزدىن يىراق بولغاندا،
ياد ئېتەلىمۇ؟

ئەنجىگىزنى باغلىماپسىز،
يوقمىدى باغلىق؟
يانچۇقۇمدا ساقلاقلىق،
سىز بەرگەن ياغلىق.

چاپىنىمنىڭ تۈگمىسى
ئۈزۈلۈپ قاپتۇ.
خۇمار كۆزنىڭ چىرايى
تۈزۈلۈپ قاپتۇ.

هويلىدىكى تېرەكنى
چاتىۋەتمىسىلە.
ئۇۋالىمغا قالىلا،
تاشلىۋەتمىسىلە.

پىنتوزىدىن ئالغاندىكىن،
لەڭمەن ئېتەلا.
قەمرىت ياغلىق ئالغاندىكىن،
بىللە كېتەلا.

ئارقىدىكى بوغداينى
ئاخشام ئورغانمۇ؟
كېتىپ قاپلا گەپ قىلماي،
خاپا بولغانمۇ؟

كېۋەزلىكنىڭ ئالىسىغا
تېرىپ قويدۇم ماش.
خەۋەر ئېلىڭ ھالىمدىن،
جانىم قارا قاش.

خوپ چىرايلىق تون كىيىپلا،
ياقىسى گۈلخان.
ئەجەب يامان يىگىتكەنلا،
ۋەدىسى يالغان.

ئۈچ ئايدا كېلىمەن دەپ،
ئۈچ يىلغا قالغان.
يۈرەككە ئوتنى سېلىپ،
جېنىمنى ئالغان.

ئىشىك ئالدى بىر تۈپ سۆگەت،
قۇرغۇي قونالماس.

مېنىڭ يارىم گۈلگە ئوخشاش،
بۇلبۇل قونالماس.

قونغان بىلەن سايرىيالماس،
ئۇنىڭ شېخىدا.
ئالغاندىم يار كۆڭلىنى
كىچىك چېغىدا.

سىم ـ سىم بىلەن ياغاچ كەسسەم،
ئاراشتا قالدى.
خۇمار كۆزنى ئاشنا تۇتسام،
تالاشتا قالدى.

يالغانچىنىڭ ۋەدىسى كۆپ،
ئىشىنىپ كەتمە.
ئىشەنچىڭنى كۆلگە كۆمۈپ،
كاۋاپمۇ ئەتمە.

ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردىن
كارۋان ئايلىنار.
ۋاقتى كەلسە ئۆز تەختىدىن
خانمۇ ئايرىلار.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك
كۆرۈنگەن يارىم.
ئاتەش بولۇپ يۈرىكىمنى
كۆيدۈرگەن يارىم.

يەرگە چۈشكەن ئالمىلاردىن
بىر جۈپنى ئالدىم.
قىزىلىنى ساڭا ئاتاپ،
قوينۇمغا سالدىم.

سۇمبۇل چېچىڭ ياراشىپتۇ،
زىلۋا بويۇڭغا.
ساۋاب بولۇر مەن غېرىبنى
ئالساڭ قوينۇڭغا.

سىم ـ سىم ئارىلاپ يامغۇر ياغدى،
تاغنىڭ بېشىغا.
يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئاران كەلدىم،
يارنىڭ قېشىغا.

ئالىيېشىل كۆرۈنەدۇر
سايىنىڭ تۈلكىسى.
جاننى ئېلىپ جان بېرەدۇر
قىزنىڭ كۈلكىسى.

كۈلگەنلەرنى كۆرگىنىمدە
كۈلگۈم كېلىدۇ.
يارىم بىلەن گىرەلىشىپ
يۈرگۈم كېلىدۇ.

بىلسە ـ بىلسۇن ۋاپادارىم،
مېنىڭ ھالىمنى.

قادىر ئاللا ئۆزى بىلۇر،
ئاھۇ زارىمنى.

سىنايمىكىن، سىلايمىكىن،
بويى تالىمنى؟
بويى تالىم بىلەرمىكىن،
مېنىڭ ھالىمنى؟

ئالا قاغا، قارا قاغا
سايىنىڭ قاغىسى.
قارا كۆزگە مېنىڭ باغرىم
قانداق قانغۇسى؟ !

ئۇ قاشتا سەن، بۇ قاشتا مەن،
قاچان كۆرەرمەن؟
ئەزىز باشىم ئامان بولسا،
بىر كۈن سۆيەرمەن.

بۇ بېيىتنى پۈتتۈردۈم،
سەيدىن ئاللاغا.
زادى چىقمايسىز،
ئۆيدىن تالاغا.

بولسا ئىدى قاناتىم،
ئۇچسام ھاۋاغا.
سىزگە يىغلىغۇچە،
يىغلاي خۇداغا.

خۇدايىمغا يىغلىسام،
ئوڭلار بېشىمنى.
ساماندەك سارغىيىپ،
تۆكسەم يېشىمنى.

ئالتۇن بولسا، كۈمۈش بولسا،
سالسام بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى
تەگدى يۈرەككە.

كۈن ئالدىمدا، ئاي كەينىمدە،
دەردىم ئىچىمدە.
چىقماس ئوتلار كىرىپ قاپتۇ،
كۆيەر ئىچىمدە.

سۆگەت، سۆگەت، سېرىق سۆگەت،
شاخىنى يۇتاي.
يار ئېغىزدا سۇ بەرسە،
ھەسەل دەپ يۇتاي.

بىر يۇتاي، ئىككى يۇتاي،
كۆڭلىنى ئۇتاي.
كىچىكىمدىن سۆيگەن يارنى
قانداقمۇ ئۇنتاي؟ !

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا
ئاسمان چىراغى.

يار قاشىغا باراي دېسەم،
يولنىڭ يىراقى.

ناخشا ئېيتسام جاراڭلايدۇ،
تاغنىڭ ئاراسى.
ماڭسام ـ ماڭسام كۆرۈنمەيدۇ،
يارنىڭ قاراسى.

ئېگىز تاغدىن ئات يۈگۈرتتۇم،
مەشۇقۇم، سىزگە.
ئات يالىدا خەت ئەۋەتتىم،
ئامرىقىم، سىزگە.

ئىشىك ئالدى قارىياغاچ،
پالتا چاپسام تېگى تاش.
بىر تەكىيىدە ئىككى باش،
جاننى ئالغان قارا قاش.

كىشى ئۇچۇن كىشى ئۆلمەس،
ئىشق ـ پىراقتا.
مەن يار ئۇچۇن ئۆلۈپ كېتەي،
خەنجەر ـ پىچاقتا.

قۇربانلىقتا قۇربان قىلساڭ،
قوينى قۇربان قىل.
مەن ئاشىقنى سۆيەر بولساڭ،
يولدا ھەمراھ قىل.

ئاللا يارىم، كەڭ يايلاقتا
ئۆزۈڭ يايلايسەن.
سېمىز قويىنىڭ قوزىسىدەك
سەكرەپ ئوينايسەن.

ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە
كەلگەن يارمىكىن؟
يار ئاغرىقى بولۇپ قالدىم،
دورا بارمىكىن؟

يار ئاغرىقى بولغانلارنىڭ
دورىسى مەندە.
ئەتە قوپۇپ تاڭ سەھەردە
يارنى سۆيگەندە.

سەن مېنى دەپ، مەن سېنى دەپ،
قالدىم بالاغا.
ئەسلىي رەھمىڭ كەلمەيدۇ،
كۆزى قاراغا.

ياخشى - يامانلىقىڭىزنى
بىلىپ تۇرىمىز.
ئوينىۋالسۇن بىچارە دەپ،
كۈلۈپ يۈرىمىز.

ئاكام سالغان ھۇجرىنىڭ
تۈڭلۈكى تىللا.

بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
ئاشىقى موللا.

باغدا شاپتۇل پىشىپتۇ،
تەرگىلى كەلدۇق.
يارىم سالغان ھۇجرىنى
كۆرگىلى كەلدۇق.

سەن تالىشىپ، مەن تالىشىپ،
ئاق چوكان يوقمۇ؟
بوينىڭىزنى تولغايسىزغۇ،
مەيلىڭىز يوقمۇ؟

ئىتلىرى يامان ئىكەن،
باغلاپ قويماپلا.
بىزدەك چاققان گۈل يىگىتنى
چاغلاپ قويماپلا.

ئانام بىلمەس، دادام بىلمەس
مېنىڭ ھالىمنى.
ئاۋۋال خۇدا، يارىم بىلمەس
سارغايغىنىمنى.

كۈز پەسلىدە سارغىيىپتۇ،
باراڭدا ئۈزۈم.
يار كەتكەنگە ئىشەنمەيمەن،
كۆرمىدى كۆزۈم.

چىللاڭ توخۇم، چىللاڭ توخۇم،
يارىم ئويغانسۇن.
لەۋلىرىنى چىشلىۋالاي،
چۆچۈپ ئويغانسۇن.

تال چىۋىقتەك بويلارىڭغا
زوقۇم كېلىدۇ.
ئاخشاملىقا باراي دېسەم،
قورققۇم كېلىدۇ.

باغدا باغۋەن نوتىلارنى
سەھەردە پۇتار.
يار ئاغزىغا سۇ تېمىتسا،
ھەسەل دەپ يۇتار.

بىر پۇتار، ئىككى پۇتار
كۆڭلىدە ئۇتار.
كىچىكىدە سۆيگەن يارنى
كىممۇ ئۇنۇتار؟

ئېگىز تاغدىن تاشقىن كەلسە،
ئاقىدۇ سايغا.
دەرد ئاغرىقى بولۇپ قالدۇق،
مەشۇقۇم قايدا؟

يېشىل - يېشىل يوپۇرمىقىم
ياشاردى، كەتتى،

يېشىل تونلۇق مېنىڭ يارىم
نەلەرگە كەتتى؟

كىچىككىنە ئېرىق چاپتىم،
ئاتلاپ ئۆتكۈدەك.
سۈزۈككىنە سۇ كېلىپتۇ،
سۈزۈپ ئىچكۈدەك.

سۈزۈككىنە سۇ ئىچىدە،
ئالىچىپار تاش.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگىنى
زالىم قارا قاش.

ئۈزەڭگىسى ئالتۇن ئىكەن،
قامچىسى پولات.
كۆزلىرى خۇمار ئىكەن،
لەۋلىرى ناۋات.

ئەقلىدىن ھەيران بولۇپتۇرمەن،
شۇبۇ كۈنلەردە.
كېچە يېتىپ ئۇيقۇم كەلمەس،
ئۇزاق تۈنلەردە.

كېچە يېتىپ ھارۋاڭدا،
سانارمەن يۇلتۇز.
يارىم مېنى سېغىنمىسا،
ئولتۇرسۇن يالغۇز.

ئەقلىم دەيدۇ، ئەقلىم دەيدۇ،
ئەقلىم ئىماندىن.
يار كەلگۈچە يىغلاپ ـ يىغلاپ،
كۆز ياشىم قاندىن.

ئاتلىق مېڭىپتۇ،
قالدۇق پىيادە.
قانداق قىلارمىز،
تەقدىر ـ ئىرادە.

قارىياغاچ قاشتا بولۇر،
چاچ، كۆيەك ياشتا بولۇر.
يارنىڭ دەردى ھەر قاچان
بۇ غېرىب باشتا بولۇر.

قارلىق تاغقا قار يېغىپتۇ،
بوستانغا تۇمان.
يارغا باشقىنى سايە قىپتۇ،
كۆڭلۇمدە گۇمان.

يارىم ئاشۇ ئەمەسمۇ،
شىپاڭدا ياتقان؟
قاش ئېتىپ، كۆز ئويىنىتىپ
جاننى قاقشاتقان.

قانداق كىشى كېتىدىكەن،
يارىنى تاشلاپ؟

مەيلى بولسا ئېلىپ كەتسۇن،
بىللىلا باشلاپ.

ئەجەب يۇمشاق يەر ئىكەن،
قوغۇن - تاۋۇز تېرىغۇدەك.
بىزنىڭ يارنى ئانىسى
باشقا ئەرگە بەرگۈدەك.

قوشاق قېتىپ ئىزهار قىلدىم،
يۈرەك سۆزۈمنى.
يار هۆسنىگە نەزەر تاشلاپ،
تىكتىم كۆزۈمنى.

كۆرۈپ قالدىم مەڭزى قىزىل،
ئېگىز خېنىمنى.
كۇلۇپ قويۇپ قىينىمىغىن،
شېرىن جېنىمنى.

غەم قىلمىغىن ئۆمۈر بويى،
ۋاپادارىڭ مەن.
ئاتاپ قويدۇم سېنىڭ ئۇچۇن
يۈرەك قېنىمنى.

يارىم ئۇچۇن هەسرەت چېكىپ،
كىرپىك قاقمىدىم.
يارىم بىلەن بىللە يەي دەپ،
ئالما ساقلىدىم.

هويلامدىكى چوڭ كۆلگە
سۈنى باشلىدىم.
يارىم ئۆيىدىن چىقارمۇ دەپ،
يولدا ساقلىدىم.

شېرىن ـ شەربەت قوغۇنلار،
چۈشتى پېلەككە.
يارىم كېلىپ تۇتاشتۇردى،
ئوتنى يۈرەككە.

ئالتۇن ئۈزۈك، كۈمۈش ئۈزۈك،
سېلىڭ بىلەككە.
كۆڭلۈم زادى يۈگۈرمىگەن
سىزدىن بۆلەككە.

هاۋامىدۇ، بۇلۇتمىدۇ،
قارنى ياغدۇرغان؟
جۇۋانمىدۇ، سېكىلەكمىدۇ،
ئاخشام ئازدۇرغان؟

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
ئۆزۈمگە دېدىم.
سەندىن باشقا قەنت ۋە ناۋات
بەرسە يېمىدىم.

سەككىز ئالما ساناپ بەردىم،
قىز ئاداشىمگە.

دەردىڭ بولسا شۇندا ئېيتقىن،
كەلمەي قاشىمگە.

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
ئوينايدۇ دەڭلار.
قولى داپتا، كۆزى ياشتا،
يىغلايدۇ دەڭلار.

ئاسمىنىڭدا غاز كېلۇر،
چىمەننى تارتىپ.
سۆيمىسەمۇ سۆيدۇرەر،
قولۇمنى تارتىپ،

ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىنىڭ
قارى ياخشى.
يار - يار دەپ يىغلىغاندىن
بارى ياخشى.

دۇتار، راۋاب چالساڭ، ئۇنىڭ
تارى ياخشى.
چىرايلىقنىڭ گۇل يۈزىدە
خالى ياخشى.

ئاللا يارىم، بۇ مەلىدە،
ئۆزۈڭ ئوينامسەن؟
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ،
بەتلەپ قويامسەن؟

بارسام ئەگەر، كۆز ئوقۇڭدا
چەنلەپ ئاتامسەن؟
مەن بۇياندا، سەن ئۇياندا،
ئۇخلاپ ياتامسەن؟

قارا قاشىڭ ئېگىلىپتۇ،
ئىككى تەرەپكە.
ئىككى ئۇچى كېلىپ تەگدى
دەردمەن يۈرەككە.

يار مەلىسى يىراق ئەمەس،
يولى بارمىكىن؟
يار ئاغرىقى بولۇپ قالدىم،
دورا بارمىكىن؟

ئەتە قوپۇپ تاڭ سەھەردە،
يارنى سۆيگەندە.
دېدىم مۇنداق ئاغرىقلارنىڭ
دورىسى سەندە.

ئېگىز داۋان ئاشتى دەيدۇ،
ئاشۇ يارىمنى.
ئېيتماقچىدىم، ئېيتالماس بولدۇم،
قايغۇ ـ زارىمنى.

چىلان توروق ئاتىم بولسا،
قېيىندا ئېگەر.

يىراقتىكى يارنىڭ ئۆتى
مەيدەمگە تېگەر.

كىچىككىنە دېرىزەڭدىن
ئىككىمىز پاتتۇق.
بۆرتمەشالنى سىز ئالسىڭىز،
دەردنى بىز تارتتۇق.

كەتكەن كىشى قانداق كەلسۇن،
يارىنى تاشلاپ؟
مەيلى بولسا ئالغاچ كەلسۇن،
ئۆيلەرگە باشلاپ.

تەم ـ تەم گۇلنىڭ نۇر چېچەكى
باردۇر ئۆزۇڭدە.
مۇھەببەتنىڭ ھۆرلەر باغى
باردۇر يۇزۇڭدە.

ئاسماندا تورغاي
قەپەستە بولغاي.
چوكانلارنى سىز ئالسىڭىز،
قىز بىزگە تۇرغاي.

ۋاي ھاي ـ ھاينى، ھاي ـ ھاينى،
ۋاي ھاينى قىلاي.
خەنجەر ئېلىپ يۇرەكنى
مىڭ پارە قىلاي.

ئانام مېنى ئەللەيلىسە،
ئاق بالام دەيتتى.
كېچە ــ كۈندۈز يالغۇز يېتىپ،
غېمىمنى يەيتتى.

گۈل شېخىدىن نەم قېچىپتۇ،
توپىسى قۇرۇپ.
كېلىڭ، يارىم، بۇ مەلىگە،
ئاي چىقتى يورۇپ.

ئاسمانلاردا ھاڭلايدۇ،
بىر قاتار كەپتەر.
بىزنىڭ يارنىڭ ۋاپاسى يوق،
بىر مىسقال، بىر سەر.

توپ بۇلۇتلار، توپ بۇلۇتنى
قوغلاپ يۈرىدۇ.
نادان باللا ۋاپاسىزنى
يادلاپ يۈرىدۇ.

ئات قېنىدەك قىزىق قىلىپ،
دەملىدىم چاينى.
قېنىپ ــ قېنىپ ئىچەرمۇ دەپ،
سىز تولۇن ئاينى.

كىچىككى چوڭ بولۇپتۇ،
باغدىكى تېرەك.

يارنى كەتتى دېسە،
قوزغالدى يۈرەك.

يازلار ئۆتۈپ قىش كېلىپتۇ،
سوغۇق بۆلەكچە.
يارىم ئۆيگە قەدەم باسسا،
پۇراق بۆلەكچە.

كەلسەم يەنە كېتەرمەن،
قىشلىغۇالماسمەن.
قاچۇرمىغىن ئۆزۈڭنى،
چىشلىغۇالماسمەن.

ئۇۋا سالسام كەپتەرگە،
كەپتەر ياتمىدى.
يار دەردىدە مەن سەۋدانى
بىر كىم ساتمىدى.

ئېرىققا سۇ پاتماپتۇ،
قاشلىغۇاتىمەن.
يار مېجەزگە ياقمىسا،
تاشلىغۇاتىمەن.

ئېگىز تاغنىڭ باشلىرىدا
بۇلۇت ئەگىيدۇ.
يارنى كۆرسەم باغرىم قىينىپ،
يۈرەك سەگىيدۇ.

زىرە سالغان يارىم كۈندە
چۈشۈمگە كىرە.
قاچان سالار ئۇخۇمدىمۇ
بوينۇمغا گىرە؟

سېسىپ قاپتۇ زىندىپاي
توپىغا يېتىپ.
ئەخلىك ئەتكەن سارىۋاي،
ئۈپىغا قېتىپ.

نېمە ئىشى ئۇنىڭغا
ئۇپا ـ ئەخلىكنىڭ؟
ئەر چىقمىسا جۇۋانغا،
چوڭى تەخلىكنىڭ.

ھەي سارىۋاي، سارىۋاي،
باش ـ كۆزۈڭنى تارىۋاي.
كېتىپ قالدى ياش باللا،
چىرايىڭغا قارىماي.

يارىم بەك زىرىپ،
كۆڭلىكى گىرىپ.
سۆيسە لېۋىمگە،
كېتىمەن ئېرىپ.

يارىم بەك زىرىپ،
كەپتۇ كۆك تېرىپ.

چۆچۈرە ئىچەي،
قېشىغا كىرىپ.

يارىم بەك زىرىپ،
مەن كەلسەم ھېرىپ.
كۈلۈپ قويمايدۇ،
چىشىنى يېرىپ.

شۇ زىرىپ يارغا
كۆڭلۈمنى بېرىپ،
خەقنىڭ شەھرىدە،
ئاھ، بولدۇم غېرىب.

يارى خىل، خېنىم،
تاۋى زىل، خېنىم.
مېنى خارلىماي،
كۆزگە ئىل، خېنىم.

ئاھ خېنىم، ۋاھ، خېنىم،
كۆڭلى زىل، خېنىم.
ئوت كەتتى جانغا،
ئادىل قىل، خېنىم.

قولۇڭدىكى ئۈزۈكنى
زەرگەر ئۇستام سوققانمۇ؟
مەن ساقلىسام ئۈزۈڭ يوق،
سېنى لاپچى تۇغقانمۇ؟

تويلۇقۇڭغا ئېلىپ قويدۇم
بەش مىسقال زىرە.
ئالتۇن ئۈزۈك، بىلەزۈكنى
خۇدايىم بېرە.

باغدا شاپتۇل پىشىپتۇ،
تەرگىلى كەلدۇق.
ئاكام سالغان ھۆجرىنى
كۆرگىلى كەلدۇق،

ئاكام سالغان ھۆجرىنىڭ
تۈگلۈكى تىللا.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
ئاشىقى موللا.

موللا بولسا قولىدا كىتاب،
يانىدا قەلىمى.
شۇنچە يامان بولارمۇ،
يارنىڭ ئەلىمى.

كاككۇكلارنىڭ قونار جايى،
كۆپكۆك باغ بېشى.
بىزنىڭ يارنىڭ ئوينار جايى
كۈمۈش تاغ قېشى.

مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
كۆڭۈلنىڭ ئىشى.

بەلىلىرىگە ئالما تۈگۈپ،
كېلەر ئۇ كىشى.

غىپ – غىپ كىرىپ،
غىپ – غىپ چىقادۇر،
تۈگىلۈكۈڭدىن قارلىغاچ.
قايغا بارساڭ، قايدا تۇرساڭ،
قولتۇقۇڭدا ئاق توقاچ.

ماڭا ئوخشاش بەختسىزنىڭ
قايغا بارسا قارنى ئاچ.
بەرمىسەڭمۇ توقىچىڭدىن،
چىرايىڭنى ياپما، ئاچ.

ياپيېشىل بوستان ئىچىدە
ئاھ ئۇرارمەن، يارىم يوق.
يار سېنىڭ ھىجران ئوتۇڭدا،
سارغىيارمەن چارىم يوق.

يوللىرىڭغا ئىنتىزار بوپ،
كۆزلىرىمدىن كەتتى ھال.
يەتمىدىڭ ھالىمغا سەن ھەم،
خورلىنىپ بولدۇم ئۇۋال.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتۈپ،
قىلدىم بوسۇغاڭنى مازار.

گەرچە مەيلىڭ بولمىسا،
قىلما مېنى كۆپ ئىنتىزار.

بارمىقىمنى تىلىۋالدى
قىل بىلەن قىياق.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپتۇ،
ئوت بىلەن پىراق.

جامالىڭنى بىر كۆرۈپ،
ئوتلار تۇتاشتى.
كۆيدۈرۈپ جاننى ئوتىڭىز،
ھەددىدىن ئاشتى.

مەجنۇنتالنىڭ ئارىسىدا،
قالدى ئۈزۈكۈم.
قاياقتىن چىقىپ كەلدىڭ،
لېۋى سۈزۈكۈم؟

تاشئەينەكتىن قاراپ
كۆرگۈم كېلىدۇ.
شېكەر لېۋىڭنى شوراپ
سۆيگۈم كېلىدۇ.

مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
مۇشۇ ئايدا كەلسۇن دەپ.
دۇلدۇل كەبى ئات ئەۋەتتىم،
مۇشۇ ئايدا مىنسۇن دەپ.

بىر چەينەكتە چاي ئەۋەتتىم،
ئۇسسىغاندا ئىچسۇن دەپ.
كۆكچى قوغۇن ساقلىدىم مەن،
كەلسە ئۆزى پىچسۇن دەپ.

باغدا جىغان سارغىيىپتۇ،
يار سارغايتتى مېنى.
ئۆزى ئوتلۇق، سۆزى چوغلۇق،
زار يىغلاتتى مېنى.

زار - زار يىغلايدۇ دەپ،
ئېيتىڭلار يارىمغا مېنىڭ.
ئۆچمەس ئوتلارغا سالدى،
خەستە جانىمغا مېنىڭ.

خەستە جېنىم سارغىيارمۇ،
دەردۇ دەرمانى بىلەن.
ئىككى ئاشىق ئايرىلارمۇ،
ئاخىرى ئارمان بىلەن.

باغدا توغاچىڭ بولاي،
لاپاستا قارلىغاچىڭ بولاي.
بوسۇغاڭغا گۈل تىرىپ،
رەڭمۇرەڭ ئېچىلدۇراي.

باشقا قىسساڭ خۇش پۇراقلىق
گۈل بىلەن غۇنچەڭ بولاي.

ئۆيگە كىرسەڭ ئولتۇرغىلى
تۆردىكى زىلچاڭ بولاي.

ئات مىنىپ بىر جايغا بارساڭ،
تۇتقىلى قامچاڭ بولاي.
ئۆزگە يارىڭ بولمىسا،
كۆڭلۈڭدىكى يارىڭ بولاي.
ئۆرگىلىپ توققۇزنى سۆيسەڭ،
چۆرگىلىپ تەزىم قىلاي.

باغ ئىچىدە سارغىيىپتۇ،
دەرەخلەردىكى ياپراق.
ئون بەش ياشتىن باشلاپ تارتتىم
سۆيگۈ دەردى، ئىشتىياق.

گۇل بولمىسا ساچىلارمۇ
ھەر تەرەپكە خۇش پۇراق؛
يار كەلمىسە بىسىلارمۇ؟
يۈرەكتىكى ئوت - پىراق.

ئۆزى ئاقنىڭ بولسا ئىدى،
يۈرەك - باغرى، دىلى ئاق.
دىلى ئاق بولغانلارنىڭ
ھەر قاچاندۇر كۆڭلى چاق.

مەڭزى قىزىل، ئۆزى ئاققا،
ئاشىنا بولسا كىشى.

قارچىغىنىڭ بالىسىدەك،
قولىغا قونسا كىشى.

ياغلىقىڭىز قوينۇمدا،
تۇمار قىلىپ پۈتۈكلۈك.
سىز بەرگەنسىز، مەشۇقۇم،
بۇنى ماڭا ئۆمۈرلۈك.

ئۆمۈرلۈكۈ، ئۆمۈرلۈك،
ئۇنتۇماستىن سۆيگۈلۈك.
كۆڭلىڭىزدە بارمىكىن،
مېنى يامان كۆرگۈلۈك؟

سىزنى، يارىم، بىر سۆيۈپ،
كۆرسەم مەيلى كۆرگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىتى،
هامان بىر كۈن ئۆلگۈلۈك.

سەن يارىمغا ئاتاپ مەن،
مېۋە ئەكتىم بېغىمغا.
ئەككەن مېۋەم پىشىپتۇ،
سېنى كۈتەر چېغىمدا.

كەلگىن ئەمدى، جانگىنەم،
مېۋە تەمى تېتىپ كەت.
مېۋە ئەككەن بېغىمدا،
راھەتلىنىپ يېتىپ كەت.

ھېچ بولمىسا، جانگىنەم،
تاشقىرىدىن كۆرۈپ كەت.
مەن چىققاندا ئالدىڭغا،
تارتىنماستىن سۆيۈپ كەت.

كۈن چىقىشتىن كۈن چىقار،
ھەممە يەردە تاڭ ئاتار.
غەمدە ئۆيقۇدا ياتسام،
قايسى يارىم ئويغىتار؟

دىلبىرىم بولسا مېنىڭ،
يېنىمدا ئولتۇرماسمىدى؟
دائىما بېقىپ ماڭا،
كۆڭلۈمنى خۇش قىلماسمىدى؟

بۇندا بىر يىگىتنى كۆردۈم،
ماھى تاباندۇر ئۆزى.
يەتتە ئىقلىم باھاسىدۇر،
شېرىن - شېكەردۇر سۆزى.

قامىتى شەمشادقا ئوخشار،
چىرايىدۇر گۈل كەبى.
قەنت - شېكەردىن لەززەتلىكتۇر،
ئۇنىڭ ئېيتقان ھەر سۆزى.

تاغ بېشىدا يۇلتۇزۇم،
چولپان قېشىدا قۇندۇزۇم.

يۇمران ماموق ياستۇقۇم،
دۇنيادا سەن يالغۇزۇم.

يالغۇزۇمنىڭ باغچىسىدا
گۈل ئېچىلدى رەڭمۇرەڭ.
ھەممە گۈلگە كۆڭۈل بەرمەي،
بىر كېلىشكەن گۈلنى دەڭ.

ئەتىگەندە ئاچىلىپ،
پېشىن بىلەن سولمىسۇن.
يىپقا تىزغان مەرۋايىتتەك
كۆزىدىن ياش ئاقمىسۇن.

سۆيگىنىڭ قەدرىنى بىلەيلۇق،
بىۋاپالىق بولمىسۇن.
ۋەدىمىزگە چىن بولايلۇق،
سۆزىدىن ئاداشمىسۇن.

كۆيدۇرۇپ كۈل قىلدىڭىز،
بىزنى بۇلبۇل قىلدىڭىز.
ئەجەب شېرىن سۆز بىلەن،
ئۆلگۈچە قۇل قىلدىڭىز.

قاشلىرىڭ بەرگى قىياق،
كۆزلىرىڭ مەشئەل ئىكەن.
ئۆسكىلەڭ كىرپىكلىرىڭ
يۈرەككە نەشتەر ئىكەن.

گۈل ئىچىدە ئولتۇرساڭ،
رەڭ تالىشىپ گۈل بىلەن.
ئايدىن يورۇق، كۈندىن روشەن
زۇمرەتتەك نۇر بىلەن.

ئاق كۆڭلەكلىك چىقتىڭ سەن،
ئاق بۇلۇتتەك ئاقىرىپ.
ئىز قوغلىشىپ مەن يۈردۈم،
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ.

ئاي بىلەن كۈننى قوشۇپ،
ۋەدە بەرگەن سەن ماڭا.
مېنى شۇ دەردلەرگە قويۇپ،
قاچماقچىمۇ سەن يانا؟

ئېرىقىمدىن ئاتلايسەن،
يۇقىرى - تۆۋەن قاتنايسەن.
ئىشىك ئوڭغا تارتمىسا،
ماڭا نېچۈن باقمايسەن؟

ساچىڭنى ئۈزۈن دەيسەن،
ئۇچىدا پۆپۈكى بار.
مەنمۇ ئەمدى بارمايمەن،
قورساقىنىڭ كۆپۈكى بار.

گۈللەر ئەكسەم يولۇڭغا،
كەلمىدىڭ سارايىمغا.

سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

ئاق بۆدۈنەم، كۆك بۆدۈنەم،
لەرزان يۈرۈشلۈك.
يېڭى باغنىڭ ئىچكىرىسىدە
نېمە يېيىشتۇق؟

بىر ئالمىنى ئىككىمىز
چىشلەپ يېيىشتۇق.
ئەركىن كېپىنەك باللىرىدەك
سەكرەپ يۈرۈشتۇق.

ئىشقىڭىزدا دەرياغا
ئېقىپمۇ كۆردۈم.
زەي يەرلەرگە باغرىمنى
يېقىپمۇ كۆردۈم.

دەردىڭىزگە چىدىماي،
ھوشۇمدىن كېتىپ.
تاشقا ئۇرۇپ بېشىمنى
چېقىپمۇ كۆردۈم.

كۆيدۈرۈشتە كۆيدۈرۈپ،
چارىلىرى يوق.
ئىشق دەردى، بالاغا
دورىلىرى يوق.

ھاي ـ ھاي يۈلەن، ھاي يۈلەن،
گۇل قايدا بار، يار ـ يار؟
بىر ياخشىغا بىر يامان،
ھەر جايدا بار، يار ـ يار.

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا
سىرغام چۈشتى يار ـ يار.
سىنالمىغان يىگىتكە
سىڭلىم چۈشتى يار ـ يار.

ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار
سايدا تولا، يار ـ يار.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
يۇرتتا تولا، يار ـ يار.

قارا ـ قارا قاغىلار
خاماندىدۇر، يار ـ يار.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
ئارماندىدۇر، يار ـ يار.

ھاي ـ ھاي يۈلەن، ھاي يۈلەن،
مەن نە قىلاي؟
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكىمنى
پارە قىلاي.

ھاي ـ ھاي يۈلەن، ھاي يۈلەن،
قار كېلىدۇ.

سېرىق سەبدە توننى كىيىپ،
يار كېلىدۇ.

سېرىق سەبدە توننىڭ
ئىچىلىرى قات ـ قات.
ئۇنداق قىلماي كەپ تۇرسىلا،
بېغىمغا پات ـ پات.

هاي ـ هاي يۆلەن، هاي يۆلەن،
باشلادىلا.
گۈلنى ئېلىپ چىمەنگە
تاشلادىلا.

هاي ـ هاي يۆلەن، هاي يۆلەن،
كۆيىدۇ يۈرەك.
تۇتقان يارىم ئۆزلىرىدۇر،
يوقتۇر بۆلەك.

هاي ـ هاي يۆلەن، هاي يۆلەن،
ئىز كېلىدۇ.
قىزىل توننى پۈركىنىپ،
قىز كېلىدۇ.

پۈركەنمە، قىز، پۈركەنمە،
كىم كۆرىدۇ؟
مەندىن باشقا جامالىڭغا
كىم كۆيىدۇ؟

يىغلىما، قىز، يىغلىما،
تويۇڭ بولدى.
ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە
ئۆيۈڭ بولدى.

يىغلىما، قىز، يىغلىما،
خۇش بولۇرسەن.
قارچىغىدەك يىگىتكە
دوست بولۇرسەن.

يىغلىما، قىز، يىغلىما،
تويلىشىڭدۇر.
ئالتۇن بويلۇق گۇل يىگىت
سىردىشىڭدۇر.

يىغلىما، قىز، يىغلىما،
باغرىم يارا.
سۆيگىنىگە تەگمىگەننىڭ
بەختى قارا.

ئاناڭ سېنى پۇلغا سېتىپ،
شەھەر ئالامدۇ؟
سېنى شۇنداق سىرداشمىغان
ئەرگە بېرەمدۇ؟

قىزىلگۈللەر ئېچىدە،
غۇنچىسىنى ساقلىدۇق.

شۇنچە ئەلچى كېلىشۇيدى،
ھېچقايسىغا باقمىدۇق.

كىچىككىنە قارا كۆز،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
تىلى تاتلىق شېرىن سۆز،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

مەن بالامنى بەرمەيتتىم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
تويلۇقىنى ئالمايتتىم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

مەن بالامدىن ئايرىلدىم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
قىز مېھرىدە يانۇرمەن،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

غايىب بولدى كۆزۈمدىن،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

ئېلىپ بويلۇق يار سەنەم،
ئاتىڭ نەدۇر، يار سەنەم؟
ئاتقۇنەڭنى بىلمەيمەن،
زاتىڭ نەدۇر، يار سەنەم؟

بەردى سىبنىڭ مۇبالىڭ،
سەدپارىدۇر، يار سەنەم.
مەگەش كۆزى، دىلبىرىم،
مەستانىدۇر، يار سەنەم.

هاي ـ هاي، ئىتىم بارىدا،
خۇش كۆرىمەن، يار سەنەم.
رۇخسارىڭنى سىغىنسام،
چۇش كۆرىمەن، يار سەنەم.

تاغنى تۇمان ـ چاڭ باستى،
قار كىلىدۇ، يار سەنەم.
بەرگى غازاڭ تونني كىيىپ،
يار كىلىدۇ، يار سەنەم.

تاغ ئارقىسى مەلىدىن
تويلاپ چۇشتۇم، يار سەنەم.
بىشىم پاتماس تۇڭلۇكتىن
سەكرەپ چۇشتۇم، يار سەنەم.

سىڭلىم، سىبنىڭ ساچباغىڭ،
يەرگە تىگەر، يار سەنەم.
قىز بويىغا يەتكەندە،
ئەرگە تىگەر، يار سەنەم.

يىراق يەردىن مەن كەلدىم،
خان ئەركىسى، يار سەنەم.

ئۆزۈكوڭنى ماڭا بەر،
يول خەجىسى، يار سەنەم.

قىز كېلىدۇ خىرامان،
يارى بىلەن، يار سەنەم.
قىز ئانىسى يىغلايدۇ،
زارى بىلەن، يار سەنەم.

سەكرەپ يۈرگەن بېغىرتاق،
يول ئادىشىم، يار سەنەم.
باراي دېسەم يول يىراق،
قېرىندىشىم، يار سەنەم.

ئىشق ئوتى ئۆلاردىن
قالغانىكەن، يار سەنەم.
يۈسۈپ بىلەن زۆلەيخا،
قېرىدىلار، يار سەنەم.

ئىشق ئوتىنى ئالەمگە
تېرىدىلا، يار سەنەم.
جەبىر - زۇلۇم بەندەڭگە
خۇدا، سالما، يار سەنەم.
بىر ياخشىنى يامانغا
ھېچ بۇيرۇما، يار سەنەم.

سىرلىق ساندۇق سىرى سىز،
پەرىلەرنىڭ بىرى سىز.

ئويناي دەيدۇ كۆڭلىڭىز،
ئەمما قورقۇپ تۇرىسىز.

مۇھەببەتنامە قىلدى،
بۇ گادايىڭ.
دېگەچ قۇللۇق سالام
بىرلە دۇئايىڭ.

مېنىڭدە قالمىدى
سەبرى ـ قارارىم.
سېنىڭ ھالىڭ نېچۇك،
ئەي مېھرىبانىم؟

بايان قىلسام ساڭا،
بۇ ئارزۇ ـ ھالىم.
قېشىڭغا بارماقتۇر،
پىكىر ـ خىيالىم.

ئۆزۈم مۇندا،
كۆڭلۈم سەندىدۇر دائىم.
ساڭا مەلۇم ئەمەس
بۇ مېنىڭ ھالىم.

ئەگەر بىلسەڭ،
بۇ ھالىمنى، نىگارىم.
ساماندەك ساپسېرىق
بولدى چىرايىم.

سىزىپ كەتتى بۇ تەندە
ئۇستىخانىم.
ساڭا يەتسە بولۇر،
هاسىل مۇرادىم.

سىنىڭدەك بىناۋا
ئالەمگە كەلمەس.
ناگان كەلسە كىلۇركى،
جاھانغا كەلمەس.

مەن ساڭا كۆيۈپ،
بالاغا قالدىم،
رەھمى ئەتمىسىلە،
خۇداغا سالدىم.

ساڭا، ئەي دىلبەر،
ھالىمنى ئېيتاي.
تۇمەن مىڭ دەرد بىلەن،
نالىمنى ئېيتاي.

ئىچىمدە يۈز تۇمەن
دەردى - غېمىم بار.
دادىمغا يېتەر
يوقتۇر غەمگۇزار.

ئەجەب دىشۋاركەن
ياردىن جۇدالىق.

ماڭا كۆن يوقكەن
ئارامخۇدالىق.

سىنى مۇندا،
مىنى مۇندا ياراتتى.
قارا دۇشمەن بىزنى
يەرگە قاراتتى.

ئىشق ئوتۇڭدا،
ئۆلدۈم، نىگارىم.
بۇ ئوتنى ساڭمۇ
سالغاي خۇدايىم.

سىنىڭ دەردىڭ مىنى
دىۋانە قىلدى.
يۈرەكنى ھەر كۈنى
مىڭ پارە قىلدى.

سىنىڭدەك نازىنىن
قىشىمدا بولسا.
پەقىردەك قۇللىرىڭ،
خىزمەتتە بولسا.

قەلەمدەك قاشلىرىڭ،
ئايدەك جامالىڭ.
مىنى ئوتقا سىلىپ،
نەدۈر خىيالىڭ؟

مەلىكەم مېھرىبان،
مېھرى نىگارىم.
جۇدا بولغاچ، سېرىق
بولدى چىرايىم.

بىرگە كەتمەي قېپقالدىڭ،
جۇدالىقىم، ياخشى قال.
ھاياتىمنىڭ باھارى،
خۇمارلىقىم، ياخشى قال.

سۆزى شېرىن، خۇماركۆز،
ئىپارلىقىم، ياخشى قال.
جۇدالىقتىن دەرد چەككەن،
ۋاپالىقىم، ياخشى قال.

بۇ ئالەمدە يېگانە،
تۇمارلىقىم، ياخشى قال.
ئەل ئاغزىغا تىل تېتىق،
بال ـ شېكەرىم، ياخشى قال.
يۈرىكىمنىڭ پارچىسى،
جانجىگەرىم، ياخشى قال.

ئامرىقىم، سەن ئۆمۈرلۈك،
لەۋزى ھەسەل سۆيۈملۈك.
كۆڭۈل خۇشى كۆيۈملۈك،
ئاي نىگارىم، ياخشى قال.

زىل كۆڭۈلنى خار قىلما،
كەڭ قوينۇڭنى تار قىلما.
ئۆزگىلەرنى يار قىلما،
دىل مادارىم، ياخشى قال.

سۇ كېلىدۇ تاش ئۈستىدە،
ئۆركەشلەيدۇ قاش ئۈستىدە.
سەن يارىمنى ئويلاپ ـ ئويلاپ،
يىغلىۋەتتىم ئاش ئۈستىدە.

سۇ كېلىدۇ ئەگىپ ـ ئەگىپ،
يار كېلىدۇ ئۆيدىن چىقىپ.
كۈلۈپ قويۇپ كىرىپ كەتتى،
يۈرىكىمگە ئوتنى يېقىپ.

سۇ كېلىدۇ لاختا ـ لاختا،
ساندۇقۇمنىڭ تېگى تاختا.
كۆيۈك نېمە بىلمەپتىمەن،
كۆرمىگەندە سېنى باشتا.

سۇ كېلىدۇ گۈلدۈر ـ گۈلدۈر،
سۆيگىنىم بىر قىزىلگۈلدۈر.
ئايرىلغىلى ئۈچ ئاي بولدى،
چىرايىم سېرىق گۈلدۈر.

ئىككى ئېرىققا سۇ كەپتۇ،
ئۈنچە ـ مارجان ساي بىلەن.

مېنىڭ يارىم قاچان كېلەر،
يېڭى چىققان ئاي بىلەن؟

ئاي چىقىپ پەيمانغا يەتتى،
كۆن تېخى پەرمان بىلەن.
ئاشنا بولساق تەڭ بولايلى،
ئىشتىياق، ئارمان بىلەن.

ئىشتىياقنىڭ دەردىدە،
ھېچ مادارىم قالمىدى.
رو چىۋىندەك سارغىيىپ،
ئۆچارغا ھالىم قالمىدى.

رو چىۋىن بولسا كىشى،
ئۆچسا قاناتىنى سۆزۈپ.
راست گېپىڭنى ئېيت، يارىم،
مەن كېتەي ئۆمىد ئۆزۈپ.

باغدىكى بۆنجا تېرەكتەك،
بويلىرىڭنىڭ تۆزلۆكى.
تالدا سارغايغان ئۆزۈمدەك،
لەۋلىرىڭ سۆزۈكلۆكى.

تالدا سارغايغان ئۆزۈمنىڭ
ھەسەل ئوخشاش سۆيى بار.
مەن يېتىم بىچارىنىڭ،
سەندىن ئۆزگە كىمى بار؟ !

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە - كۈندە كەلگىلى.
ئايدا، يىلدا بىر كېلۆرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى چىنە - پىيالىگە.
ئۆرگىلىپ بىر قارىمايسەن،
مەن يېتىم بىچارىگە.

زەپ چىرايلىق كىيىنىپلا،
ياقىسى گۈلخان.
يالغانچى بىر يىگىتكەنلا،
ۋەدىسى يالغان.

ئۈچ ئايدا كېلىمەن دەپ،
ئۈچ يىلغا قالغان.
بۇ يۈرەككە ئوتنى يېقىپ،
جېنىمنى ئالغان.

كىچىكىمدە ئوقۇۋىدىم
كالامۇللىنى.
چوڭ بولۇپ بىلمەپتىمەن،
مەككە تىللانى.

مەككە تىللا ئىچىدە،
بىر توپ قىزىلگۈل.

قىزىلگۈلنىڭ ئىچىدە،
مەختۇمخان بۇلبۇل.

مەختۇمخاننىڭ بېغىدا
ئالما پىشىپتۇ.
شاخلىرىدىن ئايرىلىپ،
يەرگە چۈشۈپتۇ.

مەختۇمخاننىڭ ئالمىسى
قوينىدا تۇرسۇن.
بېيىتلىرىم تۇمار بولۇپ،
بوينىدا تۇرسۇن.

ئوتنى كۆلگە بەردىلە،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
گۈل خىلىنى تاپقۇچە،
قېرى بوۋايغا بەردىلە.

قېرى بوۋاي قانداق كىشى،
ئاغزىدا يوقتۇر چىشى.
قورسىقىم ئاچتى دېسە،
چايناپ بېرەر مەزلۇم كىشى.

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
قوشما قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

كۆۋرۈكنىڭ تېگى تاختا،
سۇلار ئاقىدۇ لاختا.
سەندىن باشقىنى دېسەم،
قان قۇساي ئۆلەر ۋاختا.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا قىسسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆلگۈچە جانغا پىچاق.

ئارپا، بۇغداي مايسا بولدى،
قول سېلىپ كەلسەڭچۇ، يار.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
بىر كېلىپ كۆرسەڭچۇ، يار.

ئىشق ئوتىدا سارغىيىپ،
تۇرارغا ھالىم قالمىدى.
لوقمان بولۇپ تومۇرۇمنى
بىر كېلىپ تۇتساڭچۇ، يار.

بۇ سەۋدايى ئوت كۆيەككە،
مۇپتىلا قىلدىڭ ئۆزۈڭ.
مېنى مۇنچە قىينىماستىن،
بىر داۋا بولساڭچۇ، يار.

ئېچىپ قويسام كىتابنى،
چاڭ بېسىپتۇ دەيدۇلا.

شۇ مۇلايىم يىگىتنى
غەم بېسىپتۇ دەيدۇلا.

شۇ مۇلايىم يىگىتنىڭ
سۇرىتى سۇلتانچە بار.
شۇ يىگىتتىن باشقىسى
مەن ئۈچۈن ئۇلتاڭچە بار.

لاينىڭ ئېتى لايلىق،
سۇنىڭ ئېتى سايلىق.
ئىشىك ئالدىغا جىرىم سالدىم،
ئەمدى بولدى بىر ئايلىق.

مەن جاھاندا كۆرمىدىم،
ئۆزلىرىدەك چىرايلىق.
كېچە چىقسام تونۇمايلا،
قارىمىسىلا خۇمارلىق.

خويمۇ تاتلىق سۆزلىرى،
خۇش مۇبارەك ئۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىمايدۇ،
خەلقىئالەم قىزلىرى.

ئىشىك ئالدى تاختا كۆۋرۈك،
سۇدا پارە بولمىسا.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
كۆڭلى قارا بولمىسا.

كۆڭۈلنىڭ قارىلىقى
بىزگىمۇ مەلۇم ئىدى.
بىزچىلىك يارى تۇرۇپ،
يار تۇتۇش لازىممىدى؟

ئانار يۈزۈڭگە
مەستانە بولدۇم.
ئەقىل ـ ھوشۇمدىن
بىگانە بولدۇم.

ئايدەك جامالىڭ،
سەرۋى نىھالىڭ،
كۆيدۈردى مېنى،
سەرسانە بولدۇم.

ئىشقىڭ ئەقلىمنى
بەربات ئەيلىدى.
سارغىيىپ سولدۇم،
زەردانە بولدۇم.

ھىجرىڭ ئوتىدا
داغلاندىم قانچە.
پىراق دەستىدىن
دىۋانە بولدۇم.

لالە يۈزۈڭنى
سېغىنىپ ئەسلەپ،

بۇلبۇل مىسالى
گىريانە بولدۇم.

كېلەر يولۇڭغا
باش قويۇپ يېتىپ،
تەلپۈندىم ساڭا،
پەريانە بولدۇم.

تاشلار سۇ بولۇپ
ئاقتى ئاھىمگە.
دەردىڭدە شۇڭا
غەمخانە بولدۇم.

گۈللەر ئېچىلدى
باغچە ئىچىدە.
يارىم ئولتۇرار
ھۇجرا ئىچىدە.

ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ،
كىردىم ھۇجرىغا.
ھۇجرىدىن يېنىپ،
چىقتىم ھويلىغا.

باغدا ئېچىلغان،
ئەي گۈل نىگارىم.
دىلغا ئوت سالغان،
جان مېھرىبانىم.

كېچە ۋە كۈندۈز
قان يىغلىغانىم.
سېنى كۆرەلمەي،
جان قىيىنغانىم.

يىغلىغان بىلەن
ساقايماس بېشىم.
سارغايتما مېنى،
ئاقمىسۇن يېشىم.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk5NTYuemlw",
  "filename_decoded": "40209956.zip",
  "filesize": 16973205,
  "md5": "0e52999e9162c2cec94cabf96ff43931",
  "header_md5": "8ed31866a768ece41ec9ac474ace250a",
  "sha1": "768b1b29fe3c4b0e4ad7acc0199097a524b8a7a0",
  "sha256": "2806d5bc012f89e5c567638171e5f8634799f087fc31c9315b1abbbf779ceabd",
  "crc32": 569578202,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 17388073,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2555\u03a6\u2565\u00d1 \u2566\u2500
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209956",
  "pdg_main_pages_found": 343,
  "pdg_main_pages_max": 343,
  "total_pages": 352,
  "total_pixels": 1343942656,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}